مەرىپەت

2
2020

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2020 - يىل 2 - سان، ئومۇمىي 31 - سان

- خاتىرەمدىكى ئۇنتۇلماس سىيمالار
- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئىلىم ئىشقىدىن ئۆزىمىزگە نەزەر
- كورونا ۋىرۇسى رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى
- كوچا شىۋىسىدىكى ئاتا سۆزى ھەققىدە

مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە . . .

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ ئالتىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا بىز مۆھتەرەم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ – قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژورنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىشى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەمىمىي ئىلىم ھىرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.

2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.

3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.

4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىردا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۇتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى يائال قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: مەرىپەت ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئالدىنقى ساندا ئاپتورىمىز
ئابدۇللا روزىمۇھەممەد
مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى

مۇبارەك بولسۇن!

المعرفة

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي
پەسىللىك ژۇرنال

2020

2-سان (ئومۇمىي 31-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
مۆمىنجان سىدىق
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ياسىن ئابدۇلھېكىم
(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

مۇشتەرىي بولۇڭ
ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر - تەكلىپ بېرىڭ
www.meripetjournal@gmail.com
www.merifet.net

مۇندەرىجە

خەير - ئېھسان چۈشەنچىسى.....................
.....................ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 5

تۈنجى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىكى قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى
..فاتىھ ئاچىك...مەريەم مۇھەممەت تەرجىمىسى 19

بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىلىقى قەيەردە...............
...........ھەببۇللا تەكلىماكان تەرجىمىسى 39

پىسخىك ئاجىزلىقىڭىزغا تاقابىل تۇرۇڭ... ئەمرە ھاشىم..... تاھىرجان ئابباس تەرجىمىسى..... 47

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدىن ئۆگۈتلەر ئەدھەم شەرقاۋىي.. ئابدۇلئەھەد ئۇجات تەرجىمىسى 53

ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئىلىم ئىشقىدىن ئۆزىمىزگە نەزەر....... ....
................مۇھەممەت ئىمىن بېشارەت 58

كورونا ۋىرۇسى رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ....ئابدۇلئەھەد ھاپىز 64

خاتىرەمدىكى ئۇنتۇلماس سىيمالار..............
..................ئابدۇللا روزىمۇھەممەد 69

كۇچا شىۋىسىدىكى ئاتا سۆزى ھەققىدە
............ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت 80

كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ 6 ـ يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئەتدىكىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان قەدىرلىك ئاپتورلارنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى ۋە ئىخلاسى بىلەن ھەر سان ژۇرنالنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ئەڭ ياخشى چىقىرىشقا ۋە بەلگىلەنگەن قەرەلدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كۆچەپ كەلدۇق.

خۇددى بىز تۇنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئانا تىلىمىزنى قوغداشنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

بۇ يىل يەنى 2020 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئۆلىمالار ژۇرنىلى» نامىدا يېڭىدىن بىر ژۇرنال تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ژۇرنال خاراكتېر جەھەتتىن پۈتۈنلەي دىنىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلدى. شۇڭلاشقا بىز «مەرىپەت ژۇرنىلى»نى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن، ئۇنىۋېرسال بىر نەشر ئەپكارى قىلىپ، يېڭىچە تۈس ۋە قىياپەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

ئېچىۋېتىش دېگىنىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسلىدىكى نىشان ۋە پىرىنسىپلىرىدىن چەتنەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ خىللىشىش، ھەر خىل ژانىرلارغا ئىستون ئاچىرىتىش، ئەدەبىي، بەدىئىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلارغا سەھنە ھازىرلاش دېگەنلىكتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە قەلەم قۇۋۋىتى ياخشى، پىكرى ئىلغار، ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، تۈرلۈك ژانىرلاردا ئەسەر يازالايدىغانلار ئاز ئەمەس. بىز سىلەرگە سەھنە ھازىرلىدۇق، بىز ھەر قاچان سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا...

قېنى قېرىندىشىم، ئانا تىلىمىزغا بولغان سۆيگۈڭىزنى ئەمەلىي ئىقتىدارىڭىز ئارقىلىق ئىپادىلەڭ. سىزنىڭ قەلىمىڭىزدىن تەپچىگەن ئانا تىل مۇھەببىتى ژۇرنىلىمىز قۇرلىرىدا ئەكس ئەتسۇن، ئەسەرلىرىڭىزدە دولقۇنلىغان گۈزەل سەتىرلەر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھارغىن روھىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، تەشنا قەلبىگە ئابىھايات بولسۇن...

ھۆرمەت بىلەن:

—— «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

خەير-ئېھسان چۈشەنچىسى

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش مۆئمىننىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ، بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. پۇل-ماللىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋەسىلە بولىدۇ. شۇنىڭدەك شەرەپلىك ۋە بەرىكەتلىك ئىبادەت قاتارىدا كاتتا ساۋابقا نائىل قىلىدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ ساۋابى، دۇنيا-ئاخىرەتلىك مېۋىلىرى شۇ مۆئمىننىڭ ئىمانىغا، ئىخلاسىغا، شۇنىڭدەك ئۇنى سەرپ قىلىشتىكى چۈشەنچىسىگە قاراشلىق. مۆئمىننىڭ ئىمانى، ئىخلاسى قانچە كۈچلۈك، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش نىيىتى قانچە توغرا بولسا، ئېرىشىدىغان ساۋابىمۇ شۇنچە كۆپ، مېۋىلىرىمۇ شۇنچە مول بولىدۇ. ھەر قانداق بىر مۆئمىن ئۆزىدە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن بۇ ئىبادەتنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشكە، مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ بەھرىمەن بولۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-يوسۇن ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش چۈشەنچىسى ھەربىر مۆئمىن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى مۆئمىن ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسا، بۇنىڭدەك مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىبادەتكە سەل قاراپ قېلىشى ياكى رىياخور بولۇپ قېلىشى، شۇنىڭدەك مىننەت قىلىپ قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويۇشى ۋە بۇ سەۋەپلىك بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن.

تۆۋەن قولدىن ئۈستۈن قول ياخشىدۇر! ئالغۇچى قول تۆۋەن قول، بەرگۈچى قول ئۈستۈن قولدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ

السُّفْلَى} «بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىدۇر»[1].

پاراسەتلىك مۇئمىن قول ئىلكىدىكى پۇل-مالنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ پۇل-مېلى بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشقا ئالدىرايدۇ. مۇئمىننىڭ ھايات ۋاقتىدا سەرپ قىلىۋالغىنى ئۆزىنىڭ پۇل-مېلىدۇر، ھايات ۋاقتىدا سەرپ قىلىشقا كۆزى قىيماي قالدۇرۇپ كەتكەن پۇل-مال ۋارىسلىرىنىڭ پۇل-مېلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {أيكم مال وارثه أحبُّ إليه من ماله؟.. فإن ماله ما قدم، ومال وارثه ما أخّر} «قايسىڭلارغا ئۆزىنىڭ پۇل-مېلىدىن ۋارىسلىرىنىڭ پۇل-مېلى سۆيۈملۈك؟ ھايات ۋاقتىدا سەرپ قىلىۋالغىنى ئۆزىنىڭ پۇل-مېلىدۇر، قالدۇرۇپ كەتكىنى ۋارىسلىرىنىڭ پۇل-مېلىدۇر»[2].

مۇئمىن ئەجىلى توشۇپ، سەكراتقا چۈشۈشتىن بۇرۇن، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىۋېلىشقا ئالدىرىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْفِقُوا مِنْ مَا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُنْ مِنَ الصَّالِحِينَ﴾ «بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: ‹رەببىم! نېمىشقا ئەجىلىمنى بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم› دېيىشتىن بۇرۇن، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىڭلار»[3].

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر زىكىر قىلىنغان. بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە «ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنىڭ 18 قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنفِقُوا مِمَّا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ يَوْمٌ لاَ بَيْعٌ فِيهِ وَلاَ خُلَّةٌ وَلاَ شَفَاعَةٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل-ماللاردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار»[4]. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنْ الأَرْضِ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار»[5]، ﴿آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَأَنفِقُوا مِماَّ جَعَلَكُم مُّسْتَخْلَفِينَ فِيهِ﴾ «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] سۈرە مۇنافىقۇن 10-ئايەت.

[4] سۈرە بەقەرە 254-ئايەت.

[5] سۈرە بەقەرە 267-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىگە قىلغان پۇل ـ ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار»[1]، ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَاسْمَعُوا وَأَطِيعُوا وَأَنفِقُوا خَيْرًا لِأَنْفُسِكُمْ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (ئاللاھ يولىدا پۇل ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر»[2]، ﴿قُلْ لِعِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُوا يُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُنْفِقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ يَوْمٌ لَا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خِلَالٌ﴾ «مۇئمىن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى ئادا قىلسۇن، سودا ـ سېتىق، دوستلۇق بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) كېلىشتىن بۇرۇن، بىز ئۇلارغا بەرگەن پۇل ـ مالدىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە يوسۇندا سەدىقە قىلسۇن»[3]، ﴿مَا لَكُمْ أَلَّا تُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ «نېمىشقا سىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال سەرپ قىلمايسىلەر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھقا خاستۇر»[4].

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ مېۋىلىرى

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك نۇرغۇن مېۋىلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ھەسسىلەپ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىش.

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارغا ھەسسىلەپ كاتتا ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِئَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، (ئاللاھ پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى) بىلگۈچىدۇر»[5]، ﴿وأقيموا الصلاة وآتوا الزكاة وأقرضوا الله قرضاً حسناً وما تقدموا لأنفسكم من خير تجدوه عند الله هو خيراً وأعظم أجرا واستغفروا الله إن الله غفور رحيم﴾ «(پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا قەرز ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى،

[1] سۈرە ھەدىد 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئىبراھىم 31 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ھەدىد 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] سۈرە بەقەرە 261 ـ ئايەت.

تېخمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1]. ﴿مَنْ ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ أَضْعَافًا كَثِيرَةً وَاللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «كىمكى ئاللاھقا قەرز ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇسىلەر»[2]. ﴿آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَأَنْفِقُوا مِماَّ جَعَلَكُمْ مُسْتَخْلَفِينَ فِيهِ فَالَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَأَنْفَقُوا لَهُمْ أَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىڭلار، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى) سەرپ قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئىگە بولىدۇ»[3].

2. خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلۈش، دوزاختىن ساقلىنىش.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئۇلار دوزاختىن ساقلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {الصدقة تطفئ الخطيئة كما يطفئ الماء النار} «سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، سەدىقە خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ»[4]. {اتقوا النار ولو بشق تمرة} «يېرىم خورما (سەدىقە قىلىش) بىلەن بولسىمۇ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[5].

3. گۇناھلاردىن پاكلىنىش، پۇل-ماللىرى كۆپىيىش.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش گۇناھ ۋە خاتالىقلاردىن پاكىزلايدۇ، پۇل-ماللىرىنى كۆپەيتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (پۇل-ماللىرىنى) كۆپەيتكەيسەن»[6]. ﴿وَمَا أَنفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ «(ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر»[7]. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدۇسىيدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنْفِقْ يَا ابْنَ آدَمَ أُنْفِقْ عَلَيْكَ﴾ «ئى ئادەم بالىسى! سەن ئاللاھ يولىدا بەرگىن، (ئۇنىڭ ئورنىغا) مەن

---

[1] سۈرە مۇززەممىل 20-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 245-ئايەت.

[3] سۈرە ھەدىد 7-ئايەت.

[4] ئىمام تىرمىزى، ئىمام نەسەئى رىۋايىتى.

[5] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[6] سۈرە تەۋبە 103-ئايەت.

[7] سۈرە سەبەئ 39-ئايەت.

ساڭا بىرىمەن»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەيدۇ: {مَا مِنْ يَوْمٍ يُصْبِحُ الْعِبَادُ فِيهِ إِلاَّ مَلَكَانِ يَنْزِلاَنِ، فَيَقُولُ أَحَدُهُمَا: اللَّهُمَّ أَعْطِ مُنْفِقًا خَلَفًا، وَيَقُولُ الآخَرُ: اللَّهُمَّ أَعْطِ مُمْسِكًا تَلَفًا} «ھەر كۈنى ئەتىگەندە (ئاسماندىن) ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ، بىرى: ئى ئاللاھ، سېنىڭ يولۇڭدا (پۇل-مال) سەرپ قىلغان كىشىگە ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن، دەيدۇ. يەنە بىرى: ئى ئاللاھ، بېخىلغا ۋەيرانلىق بەرگىن، دەيدۇ»[2]. «سەدىقە قىلغانلىقتىن مال-مۈلۈك كېمىيىپ كەتمەيدۇ»[3].

دېمەك، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلىقتىن پۇل-مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئىنسانغا سائادەت تۇيغۇسى بېرىپ، تېخىمۇ ئەۋزەل شەكىلدە پۇل-مالغا ئېرىشىش ۋە توغرا پىكىر قىلىش يولىنى تەقدىم قىلىدۇ.

4. جەننەتكە كىرىشكە نائىل بولۇش.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ساھىبىنى كەڭلىكى ئاسمان-زېمىندەك كەڭ جەننەتكە كىرىشكە نائىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وسارعوا إلى مغفرة من ربكم وجنة عرضها السماوات والأرض أعدت للمتقين. الذين ينفقون في السراء والضراء والكاظمين الغيظ والعافين عن الناس والله يحب المحسنين﴾ «رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[4].

5. يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىش.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ھەقىقىي مۇئمىنلىقنىڭ سۈپىتىدۇر. ئۇنى رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ. أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَهُمْ دَرَجَاتٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ﴾ «ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل-مالدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ»[5].

6. بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش.

[1] ئىككى شەيخ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئىككى شەيخ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] سۈرە ئال ئىمران 133-134 ئايەتلەر.

[5] سۈرە ئەنفال 3-، 4-ئايەتلەر.

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىش بىلەن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلايدىغان ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى، ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىش بىلەن ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە بارلىقىنى ئىسپاتلىغان.

بۇ قايسى ئۇسۇلدا پۇل-مالغا ئېرىشىشنى بىلىشنىڭ مۇھىم بولغىنىغا ئوخشاش، پۇل-مالنى قايسى ئۇسۇلدا سەرپ قىلىشنى بىلىشنىڭمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر قوي خەير-ئېھسان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر تاغىقىنى ئېلىپ قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرگەندە ھەزرىتى ئائىشە: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قوينىڭ بىر تاغىقىدىن باشقا ھەممە يېرى تۈگىدى دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بەلكى تاغىقىدىن باشقا ھەممە يېرى قالدى، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى سۆزى بىزگە پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ يوقىتىش بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئېرىشىش بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ سِرًّا وَعَلَانِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «ماللىرىنى كېچە-كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغانلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ»[1]، ﴿هَلْ جَزَاءُ الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ﴾ «ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ»[2]، ﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَا أَنْفَقُوا مَنًّا وَلَا أَذًى لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ»[3].

7. ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قېلىشتىن ساقلىنىش. ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قېلىشتىن ساقلىنىدۇ، پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ. يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ﴾ «ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: ‹بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلارنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە 274-ئايەت.
[2] سۈرە رەھمان 60-ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 262-ئايەت.

ۋابالىنى تېتىڭلار، دېيىلىدۇ»[1].

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ يەنە، تۆرلۈك بالا-قازالاردىن ساقلىنىش؛ قىيامەت كۈنىدە ئەرشنىڭ سايىسىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ ھەر خىل كېسەللەردىن ساقىيىش، پەرىشتىلەرنىڭ بەرىكەتلىك دۇئالىرىغا نائىل بولۇش، توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇش، ئىماندا راستچىللىقنى ئىسپاتلاش قاتارلىق نۇرغۇن مېۋىلىرى بار.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك مېۋىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈر:

1. رىيا قىلماسلىق.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغاندا، رىيا قىلماسلىق، بەلكى پۇل-مال بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر ۋە ھەمدۇ-سانا ئېيتقان، ئەجىر ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا سەرپ قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {إنما الأعمال بالنيات، وإنما لكل امرئ ما نوى} «ئەمەللەر(نىڭ ساۋابى) نىيەتلەرگە (باغلىق) بولىدۇ، ھەر ئىنسان ئۈچۈن پەقەت نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ»[2]. كىمكى ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ پۇل-مال سەرپ قىلىدىكەن، ئۈمىدىگە يارىشا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. كىمكى رىيا قىلىپ پۇل-مال سەرپ قىلىدىكەن، دۇنيادا خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ، ئاخىرەتتە ساۋابتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {إن أول الناس يقضي عليه يوم القيامة ثلاثة.. منهم رجل وسع الله عليه وأعطاه من أصناف المال كله، فأتى به فعرفه نعمه فعرفها، قال: فما عملت فيها؟ قال: ما تركت من سبيل تحب أن ينفق فيها إلا أنفقت فيها لك، قال: كذبت ولكنك فعلت ليقال جواد، فقد قيل، فسحب على وجهه، ثم ألقي في النار} «قىيامەت كۈنى ئاۋۋال ھۆكۈم قىلىنىدىغانلار ئۈچ سىنىپتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ كۆپلىگەن پۇل-مال بەرگەن ئادەم بولۇپ، ئاللاھ (قىيامەت كۈنى) ئۇ ئادەمنى ھوزۇرىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ ئادەم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇ ئادەمدىن: ئۇ پۇل-ماللارنى نېمىگە سەرپ قىلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: سەن پۇل-مال سەرپ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرمۇ يولنى قويماستىن، ھەممىسىگە پۇل-مال سەرپ قىلدىم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ: يالغان ئېيتتىڭ، سەن ئۇنى (خەلق ئارىسىدا) سېخى دېيىلىش ئۈچۈن قىلدىڭ، ساڭا شۇنداق دېيىلدى، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم يۈزىچە سۆرىلىپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ»[3].

[1] سۈرە تەۋبە 34-، 35-ئايەتلەر.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

2. مىننەت قىلماسلىق ۋە رەنجىتمەسلىك.

پۇل ـ مال بەرگەنلىكنى كىشىلەر ئالدىدا سۆزلەپ مىننەت قىلماسلىق لازىم. چۈنكى پۇل ـ مال ساخاۋەت قىلىنغان تەرەپلەرنى رەنجىتىش چاكىنىلىق ۋە نامەرتلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل چاكىنىلىق پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿يا أيها الذين آمنوا لا تبطلوا صدقاتكم بالمن والأذى كالذي ينفق ما له رياء الناس ولا يؤمن بالله واليوم الآخر﴾ «ئى مۇئمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة ولا ينظر إليهم ولا يزكيهم ولهم عذاب أليم. المسبل، والمنان، والمنفق سلعته بالحلف الكاذب} «قىيامەت كۈنى ئاللاھ گەپ قىلمايدىغان، قارىمايدىغان ۋە پاكلىمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار. ئۇلار يەرگە سۆرىلىپ قالغۇدەك ئۇزۇن كىيىم كىيگۈچى، بەرگەن نەرسىسى بىلەن مىننەت قىلغۇچى، يالغان قەسەم بىلەن تاۋارلىرىنى تېز ئايلاندۇرغۇچى كىشىلەردۇر»[2].

3. ياخشىسىنى بېرىش.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ وَلَسْتُمْ بِآخِذِيهِ إِلَّا أَنْ تُغْمِضُوا فِيهِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر»[3]. ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا﴾ «ياخشى كۆرگەن (پۇل ـ ماللىرىڭلاردىن ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر»[4].

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ تائالا: «ياخشى كۆرگەن (پۇل ـ ماللىرىڭلاردىن ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر» دەۋاتىدۇ، بەيرەھا مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېلىمدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، مەن ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتتىم، ئۇنى ئاللاھ ئۆزلىرىنى بۇيرىغان يەرگە ئىشلەتسىلە، دېگەندە، پەيغەمبەر

[1] سۈرە بەقەرە 264 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام: ياخشى قىلدىڭ، بۇ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان مالدۇر، دەپ ئىككى قېتىم تەكرارلىدى»[1].

4. ئوتتۇراھال بولۇش.

پۇل ـ مال ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئامانەت قىلغان مۈلكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتا ئىسراپ ياكى بېخىللىق قىلماي، ئوتتۇراھال بولۇش لازىم. ئاللاھ تائالا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتقانلارنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿والذين إذا أنفقوا لم يسرفوا ولم يقتروا وكان بين ذلك قواما﴾ «ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ»[2].

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ئەۋزەل يوللىرى

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەل يوللىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم دەپ قارالغانلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. مەسجىد سېلىش، رېمونت قىلىش ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇش.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللَّهِ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا اللَّهَ فَعَسَى أُولَئِكَ أَنْ يَكُونُوا مِنَ الْمُهْتَدِينَ﴾ «ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {مَن بنى مسجدًا يبتغى به وجهَ الله، بنى اللهُ له مثلَه في الجنة} «كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ مەسجىد بىنا قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بىنا قىلىپ بېرىدۇ»[4].

2. ئاللاھ يولىدىكى ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾

---

[1] ئىككى شەيخ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] سۈرە فۇرقان 67 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە 18 ـ ئايەت.
[4] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

«ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[1]. بۇلار ئاللاھ يولىدىكى جىھادنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَاهِدْهُمْ بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا﴾ «قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن»[2].

3. يېتىملەرنى كاپالەتكە ئېلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېگەن: {أنا وكافل اليتيم في الجنة هكذا} «مەن ۋە يېتىمنى كاپالەتكە ئالغۇچى جەننەتتە مۇشۇنداق (يېقىن) بولىمىز»[3].

4. ۋەقپ قىلىش.

بىرەر زېمىن ياكى بىرەر بىنا سېتىۋېلىپ، ئاللاھ يولىدا ۋەقپ قىلىش سەدىقە جارىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەقپ قىلغۇچى ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتسۇن، ئۇنىڭ ساۋابى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەردە بىر پارچە يەرگە ئېرىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن خەيبەردە بىر پارچە يەرگە ئىگە بولدۇم، مەن بۇندىن بۇرۇن بۇنداق ياخشى يەرگە ئېرىشىپ باقمىغان، مېنى بۇ يەرنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسىلا؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر خالىساڭ ئۇنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قىلىپ، سەدىقە قىلغىن، دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەرنى سېتىلمايدىغان، سوۋغات قىلىنمايدىغان، مىراس قالدۇرۇلمايدىغان شەكىلدە سەدىقە ـ يەنى ۋەقپ قىلغان. كېيىنچە ئۇ يەردىن پۇقرالار، تۇغقانلىرى، قۇللۇقتىن ئازات قىلىنغۇچىلار، مۇساپىر ۋە مېھمانلار پايدىلانغان[4].

5. ئىپتارلىق بېرىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {مَن فطَّر صائمًا، كان لـه مثل أجره، غيرَ أنه لا ينقص من أجر الصائم شيئًا} «كىمكى روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغىمۇ روزا تۇتقۇچىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابىدىن ھېچ بىر نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ»[5].

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كىتاپلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، باستۇرۇپ تارقىتىش؛ پېقىر ـ مىسكىنلەرنى ھەقسىز

[1] سۈرە مۇجادىلە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇرقان 52 ـ ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

داۋالايدىغان سەھىيە مەركەزلىرى قۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ئەۋزەل يوللىرى بار بولۇپ، مۆئمىن كىشى ئەجەل كېلىپ، پۇل-ماللىرى تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆز قولى بىلەن، تۆرلۈك ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم.

پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەل ئۈچ يولى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ پۇل-مالنى ھالال يوللار بىلەن تېپىشىغا ئەھمىيەت بەرگەندەك، ئۇنى سەرپ قىلىش يوللىرىنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {أَفْضَلُ دِينَارٍ يُنْفِقُهُ الرَّجُلُ دِينَارٌ يُنْفِقُهُ عَلَى عِيَالِهِ, وَدِينَارٌ يُنْفِقُهُ الرَّجُلُ عَلَى دَابَّتِهِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ, وَدِينَارٌ يُنْفِقُهُ عَلَى أَصْحَابِهِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ} «ئىنسان سەرپ قىلغان ئەۋزەل دىنار ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە سەرپ قىلغان دىنار، ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىدىغان ئات-ئۇلاغلىرىغا سەرپ قىلغان دىنار ۋە ئاللاھ يولىدىكى دوست-بۇرادەرلىرىگە سەرپ قىلغان دىناردۇر»[1].

بۇ ھەدىس بىزگە، پۇل-مال سەرپ قىلىش يوللىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئەۋزەل يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

بىرىنچى، ئىنساننىڭ ئاتا-ئانىسى، پەرزەنتى، ئايالى ۋە خىزمەتچىسى قاتارلىق ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە پۇل-مال سەرپ قىلىشىدۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە پۇل-مال سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىققاندا، ئۇلارنى باشقىلارغا مۇھتاج بولۇپ خورلىنىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ياخشى بەندىچىلىك قىلىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىنساننىڭ ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىدىغان ئات-ئۇلاغلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھەر خىل قاتناش قوراللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشىدۇر. چۈنكى ئىنسان بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ يولىدىكى خىزمەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشتۇرالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئىنساننىڭ ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دوست-بۇرادەرلىرىگە پۇل - مال سەرپ قىلغانلىقى، ئىسلامنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە كۈچىيىشىگە ھەسسە قوشقانلىقى بولىدۇ.

بۇ ئۈچ خىل يولغا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە يۇقىرىدىكى ھەدىس شەرىپتىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە پۇل سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن بەزى ھەدىسلەر:

---

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {دينارٌ أنفقته في سبيل الله ودينارٌ أنفقته في رقبةٍ، ودينارٌ تصدَّقت به على مسكينٍ، ودينارٌ أنفقته على أهلك أعظمها أجرًا الذي أنفقته على أهلك} «سېنىڭ ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلغان ياكى قۇل ئازات قىلىشقا خەجلىگەن ياكى مىسكىنگە سەدىقە قىلغان پۇل - مېلىڭنىڭ ئەجرىدىن ئائىلەڭگە چىقىم قىلغان پۇل - مېلىڭنىڭ ئەجرى كاتتىدۇر[1].

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر ھەدىس سۆزلەپ بېرىش جەريانىدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {إنك لن تنفق نفقة تبتغي بها وجه الله إلا أجرت بها، حتى ما تجعل في فم امرأتك} «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ چىقىم قىلغان ھەرقانداق نەرسەڭنىڭ، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان (بىر لوقما) نىڭمۇ ئەجرىنى ئالىسەن»[2].

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {إِذَا أَنْفَقَ الرَّجُلُ عَلَى أَهْلِهِ يَحْتَسِبُهَا فَهُوَ لَهُ صَدَقَةٌ} «ئىنسان ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەجىر - ساۋاب ئۈمىد قىلىپ پۇل - مال سەرپ قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقىدۇر»[3].

ئىككىنچى، ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرىگە پۇل - مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن بەزى ھەدىسلەر:

ئۇرۋە ئىبنى جەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {الخَيْلُ مَعْقُودٌ فِي نَوَاصِيهَا الخَيْرُ إِلَى يَوْمِ القِيَامَةِ: الأَجْرُ وَالمَغْنَمُ} «ئاتنىڭ پېشانىسىگە قىيامەتكىچە ئەجىر ۋە غەنىمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق چېگىلگەن»[4].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {من احتبس فرسا في سبيل الله ايمانا بالله, وتصديقا بوعده, فان شبعه, وريه, وروثه, وبوله في ميزانه يوم القيامة} «كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئاللاھ يولىدا ئات باقىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ ئاتنىڭ يەم - خەشەك ۋە سۇلىرى، تېزەك ۋە سۈيدۈكلىرى ئۇ كىشىنىڭ تارازىسىدا بولىدۇ»[5].

ئۈچىنچى، ئاللاھ يولىدىكى دوست - بۇرادەرلىرىگە پۇل سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن بەزى ھەدىسلەر:

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[5] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {أيما مسلم كسا مسلما ثوبا على عري، كساه الله من خضر الجنة، وأيما مسلم أطعم مسلما على جوع، أطعمه الله من ثمار الجنة، وأيما مسلم سقى مسلما على ظمأ، سقاه الله من الرحيق المختوم} «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىيىمسىز قالغان بىر مۇسۇلمانغا كىيىم كىيدۈرۈپ قويىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يېشىل كىيىملىرىدىن كىيىم كىيدۈرىدۇ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئاچ قالغان بىر مۇسۇلمانغا تائام بېرىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەت مېۋىلىرىدىن تائام بېرىدۇ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۇسساپ كەتكەن بىر مۇسۇلمانغا سۇ بېرىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئېغىزى پېچەتلەنگەن ئېسىل شارابتىن سۇغۇرىدۇ»[1].

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {خِيَارُكُمْ مَنْ أَطْعَمَ الطَّعَامَ وَرَدَّ السَّلَامَ} «تائام بەرگەن ۋە سالامنى ئىلىك ئالغان كىشى ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر»[2].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: {لأن أجمع نفرا من إخواني على صاع أو صاعين من طعام أحب إلي من أن أدخل سوقكم، فأشتري رقبة فأعتقه} «مەن بازارغا بېرىپ قۇل سېتىۋېلىپ ئازات قىلىشتىن، بىر ئىككى چەرەك ئوزۇق ھازىرلاپ، دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى يىغىپ مېھمان قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن».

خاتىمە:

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش چۈشەنچىسى مۇئمىندە ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ ئەجىر ـ ساۋابلارنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ئەۋزەل يوللىرىغا باشلايدۇ؛ ھەقىقەتنى، توغرا يولنى قوللاشقا ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى لايىقىدا ئادا قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش چۈشەنچىسىگە ئىگە بولمىغان كىشىدە، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش قىزغىنلىقى بولمايدۇ. بۇنىڭغا سەل قاراپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ، ھەسرەتتە قالىدۇ، ياكى پۇل ـ مال سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، رىياخورلۇق قىلىپ، ساۋابىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ياكى بەرگىنىگە مىننەت قىلىپ، قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويىدۇ.

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ھەسسىلەپ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىش؛

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلۈش، دوزاختىن ساقلىنىش؛ گۇناھلاردىن پاكلىنىش، پۇل-ماللىرى كۆپىيىش؛ جەننەتكە كىرىشكە نائىل بولۇش؛ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ئېرىشىش؛ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش؛ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قېلىشتىن ساقلىنىش؛ تۆرلۈك بالا-قازالاردىن ساقلىنىش؛ قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ ھەر خىل كېسەللەردىن ساقىيىش، پەرىشتىلەرنىڭ بەرىكەتلىك دۇئالىرىغا نائىل بولۇش، توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇش، ئىماندا راستچىللىقنى ئىسپاتلاش قاتارلىق نۇرغۇن مېۋىلىرى بار بولۇپ، بۇلارنى بىلىش مۇئمىندە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ رىيا قىلماسلىق؛ مىننەت قىلماسلىق ۋە رەنجىتمەسلىك؛ ياخشىسىنى بېرىش؛ پۇل-مال سەرپ قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلماي، بېخىللىقمۇ قىلماي، ئوتتۇراھاللىقنى ئۆزىگە لازىم تۇتۇشتەك ئەدەپ-ئەخلاقلىرى بار بولۇپ، بۇلارغا رىئايە قىلىش ئەجىر-ساۋابلارنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ مەسجىد سېلىش، رېمونت قىلىش ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇش؛ ئاللاھ يولىدىكى ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش؛ يېتىملەرنى كاپالەتكە ئېلىش؛ ئېھتىياجلىق بېرىش؛ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، باستۇرۇپ تارقىتىش؛ پېقىر-مىسكىنلەرنى ھەقسىز داۋالايدىغان سەھىيە مەركەزلىرى قۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ئەۋزەل يوللىرى بار بولۇپ، بۇ يوللارغا پۇل-مال سەرپ قىلىش ھەققەتتىنى ۋە توغرا يولنى قوللىغۇچىلاردىن بولۇشقا تۆرتكە بولىدۇ.

پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ يەنە، ئاتا-ئانىسى، پەرزەنتى، ئايالى ۋە خىزمەتچىسى قاتارلىق ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە پۇل-مال سەرپ قىلىش؛ ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىدىغان قاتناش قورالىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىش؛ ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دوست-بۇرادەرلىرىگە ياردەمدە بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدە يوللىرى بار. بۇ يوللارغا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى، ھەققەتنى قوللاش مەسئۇلىيىتىنى ۋە دوست-بۇرادەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئاللاھ بىزنى ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولغۇچىلاردىن قىلسۇن. (ئامىن!)

(بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان ئابباس)

تۇنجى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىكى قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى

فاتىھ ئاچىك
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم مۇھەممەت

قىسقىچە مەزمۇنى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىدىن كېيىن دەسلەپكى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇش مەزگىلى باشلانغانىدى. بۇ تارىخىي مەزگىلنىڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ مۇھىم باسقۇچلىرىدىن بىرى بولسا مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئارىسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسىدۇر. بۇ كېلىشىمنامە بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ ھىجرەتتىن كېيىنكى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئىمكان بېرىدىغان تۇرالغۇ، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق ئاساسلىق مەسىلىلەر ئىجتىمائىي كىرىزىسلەرگە دۇچار بولماي تۈرۈپلا يۇقىرى نىسبەتتە ھەل بولغان، يېڭى جايغا ماسلىشىش جەريانى مۇۋاپىق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىجتىمائىي تەشكىللىنىش ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەرىكەت بىلەن قەبىلە ۋە نەسەب مەركەزلىك ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە سىنىپلارغا ئايرىلغان بىر خەلق تۇنجى قېتىم دىنىي قېرىنداشلىق ئاستىدا بىر يەرگە توپلانغانىدى. بۇ بىرلىك ئىلگىرىكى مەۋجۇت مەرتىۋە ۋە ماقاملارنى ئۆزگەرتىپ، تەكشىلىك ۋە تىكلىكتە (گورىزونتال ۋە ۋېرتىكال) ئىجتىمائىي ھەرىكەتچانلىققا ئىگە قىلىنغانىدى. ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار بۇ قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن ئىقتىسادىي كۈچ ۋە تەجرىبىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەدىنىدە يېڭى بىر ئىقتىسادىي قۇرۇلما ھاسىل قىلغانىدى.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى، ھىجرەت، دەسلەپكى ئىسلام جەمئىيىتى، مەدىنە، ئەنسار ۋە مۇھاجىر.

مۇقەددىمە

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا، مەدىنە شەھىرىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى ئۈچ خىل پەرقلىق جەمئىيەتتىن تەركىب تاپقانىدى. بۇلار مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىك جەمئىيەتلىرى ئىدى. بىرىنچى جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار يەنى مۇسۇلمانلار مەككىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر (مۇھاجىرلار) بىلەن مەدىنىلىك يەرلىك مۇسۇلمانلار (بۇلارغىمۇ ئەنسار ئۇنۋانى بېرىلگەن ئىدى)دىن تەركىب تاپقانىدى. مەدىنىلىك مۇسۇلمان خەلق ئەۋس ۋە خەزرەج ئىسىملىك ئىككى چوڭ قەبىلىگە مەنسۇپ ئىدى.[1]

ئىككىنچى جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بولسا مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەبلەر ئىدى ۋە خەلقىنىڭ كۆپ سانلىقنى بۇلار ھاسىل قىلاتتى. بۇلارمۇ ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇتپەرەسلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇلار مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئوچۇق ھالەتتە دۈشمەنلىك قىلمايتتى. ئەمەلىيەتتە بىر قىسمى كېيىنچە مۇسۇلمان بولغان، يەنە بىر قىسمى بولسا مۇسۇلمان بولمىسىمۇ مۇسۇلماندەك كۆرۈنەتتى. بۇ سەۋەبتىن بۇلار ئىككى يۈزلىمچى مەنىسىدە مۇناپىق دېيىلگەنىدى.[2]

ئۈچىنچى جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بولسا يەھۇدىيلار ئىدى. يەھۇدىيلار مەدىنىگە دەسلەپتە يەرلەشكەن ئۈچ جامائەتتىن (يەھۇدىيلەر، ئەمالىقە ۋە ئەۋس ـ خەزرەجلەردىن) بىرى ئىدى. ئەمما قايسى جامائەتنىڭ ئاۋۋال يەرلەشكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق.[3] يەسرىبتە ياشاۋاتقان يەھۇدىيلار بىر بىكىنمە جامائەت قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرمايتتى، ئۆزئىچىدىكىلىرى بىلەن بىللە ئايرىم مەھەللىلەردە ياشاۋاتاتتى[4].

ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلىدا مەدىنىدە مۇسۇلمانلار ئاز سانلىق دەپ ئىپادىلىگۈدەك دەرىجىدە ئاز نوپۇسقا ئىگە ئىدى.[5] مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك خەتەرلەرگە

[1] نەشەت چاغاتاي: «باشلانغۇچتىن ئاباسىيلەرغىچە (دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىن) ئىسلام تارىخى، ئەنقەرە: ئاتا تۈرك كۈلتۈر، تىل ۋە تارىخ يۇقىرى ئورۇنلىرى تۈرك تارىخى بۆلۈمى نەشرىياتى VII ـ يۈرۈشلۈكى 150 ـ سانى، 1993. 72 ـ بەت

ھۈسەيىن ئاتاي: «ئىسلامنىڭ سىياسىي شەكىللىنىشى»، ئەنقەرە: ئاتاي ۋە ئاتاي، 1999. 113 ـ بەت.

[2] ئاتاي، 115 ـ بەت.

[3] نەبى بوزكۇرت، مۇستافا سەبرى كۈچۈكئاشچى: «مەدىنە»، تۈركىيە ديانەت ۋەخپى ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيەسى (DA)، XXVIII .c، ئەنقەرە: تۈركىيە ديانەت ۋەخپى نەشرىياتى، 2003. 306 ـ بەت.

[4] سابرى خىزمەتلى: «ئىسلام تارىخىدىكى دەسلەپكى دەۋر»، ئەنقەرە: ئەنقەرە مەكتەپلىرى نەشرىياتى، 2006. 296 ـ بەت

[5] ھىجرەتنىڭ تۇنجى يىلىدا مەدىنىنىڭ نوپۇس مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان مەلۇماتلار بار. ھەمىدۇللاھ ھىجرىي بىرىنچى يىلىدا مەدىنىنىڭ نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن ئون مىڭ كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ سانىنىڭ بىر مىڭ بەش يۈزىنى مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكىنى، قالغانلىرىنىڭ يېرىمىنىڭ يەھۇدىي ۋە يېرىمىنىڭ مۇشرىكلار ئىكەنلىكىنى بايان

تەۋەككۇل قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى شەھرىگە تەكلىپ قىلغانىدى. مەككىدىكى مۇھاجىرلار بولسا دىنى ئۈچۈن ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىغان، ئانا يۇرتلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە ھەممە بىساتىنى مەككىدە تاشلاپ مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. كۆچمەنلىك سەۋەبلىك تەبىئىيلا ئوتتۇرىغا چىققان كۆڭۈلسىزلىك ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلار ئىچىدە قالغانىدى. قوغدىنىش، خىراجەت قىسىنچىلىقى ۋە يېڭى بىر مۇھىتقا ۋە شەھەرگە كۆنۈش بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەككىلىك مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ھەقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.[1] بۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار تەرىپىدىن بىردىن كىشىنى بىر-بىرىگە قېرىنداش قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە مەسئۇل قىلغانىدى.[2] قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى ھىجرەتتىن تەخمىنەن بەش-ئالتە ئايدىن كېيىن يولغا قويۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە شەھىرىنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمان ئائىلە رەئىسلىرىنى يىغىنغا چاقىردى ۋە ئۇلارغا قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارغا ھەربىر ئائىلىنىڭ بىر مۇھاجىر ئائىلىنى يېنىغا قېرىنداش قىلىپ ئېلىش تەكلىپىنى سۇندى. بىر يەرگە كېلىدىغان بۇ ئىككى قېرىنداش ئائىلە بۇنىڭدىن كېيىن بىللە تېپىپ، بىللە خەجلەيتتى ۋە قېرىنداش بىر ئائىلە بولاتتى. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ئەقەبە بەيئىتىدە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنى ھەر خىل ئۇسۇللاردا قوغدايدىغانلىقىغا دائىر بەرگەن سۆزىگە بىنائەنمۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.[3] بۇ كۆرۈشۈشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەۋارىيۇنلار مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئۇنىڭغا قارشى كىشىلەرنىڭ كېپىلى بولغىنىغا ئوخشاش سىلەرمۇ سىلەردىن بولغانلارنىڭ كېپىلى، مەنمۇ مەككىلىك مۇھاجىرلارنىڭ كېپىلىمەن» دېگەن سۆزلىرى بىلەن ھىجرەتتىن كېيىن يولغا قويۇلىدىغان قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى ئۇچۇرلىرىنى بەرگەنىدى[4].

مەككە دەۋرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇ تەبلىغ قىلغان دىنغا ئىشەنگەنلەر مۇسۇلمان دېيىلەتتى. ھىجرەت بىلەن بىللە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇنجى قېتىم مۇھاجىر (كۆچمەن، ھىجرەت

قىلغان.

مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ: «ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى» مەھمەت يازغان (تەرجىمىسى) ئىستانبۇل: بەيان نەشرىياتى، 2011. 162 ـ بەت

[1] ھەمىدۇللاھ: 159 ـ بەتتىن 162 ـ بەتكىچە. ئاسىم كۆكسال. م: «ئىسلام تارىخى، ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئىسلامىيەت» ئۆمەر چەتىنكايا (تەھرىرى) ئىزمىر: ئېشىك نەشرىياتى، 2007. جىلد: 3 ـ 4، 88 ـ بەت.

[2] ئادەم ئاپاق: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىن كېيىنكى مەدىنىدە ئۆلگە جەمئىيەت ھاسىل قىلىش قەدەم باسقۇچلىرى توغرىسىدا»، ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە دۇنياۋى رىسالىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، مەھپۇز سۆيلەمەز (تەييارلىغان)، چورۇم: ئىسلامىي ئىلىملەر ژۇرنىلى نەشرىياتى، 2007، 317 ـ بەت.

[3] خىزمەتلى: 293 ـ بەت.

[4] ئىبنۇل ئەسىر: «ئىسلام تارىخى ئەلكامىل فىتتارىخ تەرجىمىسى» ئەھمەد ئاغىراكچا (تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل: ھىكمەت نەشرىياتى، 2008. 2 ـ جىلد، 85 ـ بەت. كۆكسال: 1 ـ 2 جىلد، 607 ـ بەت.

قىلغۇچى) ۋە ئەنسار (ياردەم قىلغۇچى) تەبىرلىرى قوللىنىلىشقا باشلىدى ۋە بۇ ئۇقۇملار قۇرئاندا ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلامىي ئەسەرلەردە يەر ئالغاندى. مۇھاجىرلار ھەممە نەرسىسىنى ھەتتا بەزىلىرى ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ مەككىدە قويۇپ، ھەرتۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا تەۋەككۇل قىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندى. ئەنسارلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھاجىرلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، مەدىنىدە دەسلەپكى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشقاندى. ھىجرەتتىن كېيىن مۇھاجىرلارغا ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا ياردەم قىلىپ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىرلىكتە ھەل قىلغاندى. [1] ئەنسارلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن ياردەمسۆيەرلىكى قۇرئاندىمۇ ماختالغاندى: «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر...»[2].

مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدىكى بۇ قېرىنداشلىق قان قېرىنداشلىقتىنمۇ ئۈستۈن تۇرغاندى. ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بىر قېرىنداشلىق ئورناتقان بۇ ئىنسانلار پەقەت ھايات ۋاقتىدىلا بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشقا مەسئۇل بولۇپلا قالماي، ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولغاندى[3]. بۇ ھالەتتە ئەمەلىيلەشكەن ئالاھىدە دىن قېرىنداشلىقى كېلىشىمنامىسى دەسلەپكى مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئۇلتېشىنى شەكىللەندۈرگىنىدەك، كېيىنكى دەۋرلەردە كېڭىيىپ پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىدىغان ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭمۇ (ئۈممەت قۇرۇلۇشىنىڭمۇ) مۇھىم ئەركانى بولغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ باسقۇچ بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى دىن قېرىنداشلىقى پىرىنسىپى ئاساسىدا بەرپا قىلغاندى[4]. نەسەب قېرىنداشلىقىنىڭ ئۈستىدە مەنە ئىپادىلىگەن بۇ ئالاھىدە دىن قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىگە «مۇئاخات» دېيىلگەندى. مۇئاخات كەلىمىسى ئەرەبچىدىكى ئۇخۇۋۋە (قېرىنداشلىق) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، بىرى بىلەن قېرىنداش بولۇش، بىرىنى قېرىنداش قىلىۋېلىش دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى[5].

[1] ساففات سانجاكلى: «ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ مەدىنە دەۋرىدە تەسىس قىلغان قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىنىڭ كۈنىمىزدە شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھايات نۇقتىسىدىن ئەھمىيىتى ۋە ئانالىزى»، سۈننەتنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتىكى رولى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى. 11 ـ 12 ماي 2007، كونيا: ئىلاھىيەت ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر نومۇرى: 3؛ 2008. 55 ـ ، 56 ـ بەتلەر.

[2] ھەشر: 9 ـ ئايەت.

[3] ھەمدۇللاھ: 160 ـ بەت. كۆكسال: جىلد: 3 ـ 4، 89 ـ بەت.

[4] خىزمەتلى: 292 ـ ، 293 ـ بەتلەر.

[5] ھۈسەيىن ئالگۈل: «مۇئاخات»، تۈركىيە دىنىي ئىشلار ۋەخپى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (DA)، XXX .c، ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى نەشرىياتى، 2005. 308 ـ بەت. سانجاكلى: 52 ـ بەت.

قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار سەممىي بىرلىك بىلەن پۇتۇنلەشتۇرۇلگەنىدى. بۇ بىرلىكنىڭ قۇرئاندا ئاللاھنى سۆيۈندۇرگەن بىر ھەرىكەت ھېسابلىنىپ ئورۇن ئېلىشى ھەم ئەنسار ھەم مۇھاجىر جەمئىيىتى ئۈچۈن تەسەللىي ۋە مەدەت بولۇقى بولغانىدى. «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ئاللاھ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھ تىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۇ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر»[1].

قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرالغۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ئاساسىي ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلغانىدى. بۇ قېرىنداشلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋۋال مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى ھاياتقا ۋە شەھەرگە تېز سۈرئەتتە ماسلىشىشىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[2].

قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى ۋە ھىجرەتتىن كېيىنكى ماسلىشىش جەريانى

كۆچمەنلەر دۇچ كېلىدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆچۈپ بارغان يەردىكى جەمئىيەتمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ماسلىشىش جەريانىدۇر. ماسلىشىش جەريانىنىڭ ھەرتۈرلۈك ئۆلچەملىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولۇشى مۇمكىن. ھەم كۆچۈپ كەلگەن شەخس ياكى جەمئىيەت، ھەم كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلغان جەمئىيەت ياكى جاي نۇقتىسىدىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ـ كۇلتۇر بىرلەشمىسى ماسلىشىش جەريانىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئۆلچەملىرىدىندۇر[3]. كۆچمەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي خاتا قىلمىشلىرىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مائارىپ، ساقلىق، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ۋە ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىشنى كۈچلەندۈرىدىغان پىلان ـ لايىھەلەر بولۇشى كېرەك ئىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئاۋۋال مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىدىكى مۇسۇلمان ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن بۇ بىرلىشىش جەريانى مۇھىم دەرىجىدە ھەل قىلىنغىنىدەك، كۆچمەنلىكنىڭ تەبىئىي ئاقىۋەتلىرى ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭمۇ ئالدى ئېلىنغانىدى.

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 100 ـ ئايەت.

[2] خىزمەتلى: 293 ـ، 294 ـ بەتلەر.

[3] سەفەر ياۋۇز: «كۆچ، قوشۇلۇش ۋە دىن: ياۋروپادا ياشىغان تۈركلەر باغلىنىشىدا ئىجابىي باھالار»، خەلقئارالىق ئىجتىمائىي تەتقىقاتلار ژۇرنىلى، جىلد: 6، 26 ـ سانى، 2013، 610 ـ بەت.

كۆچمەنلىكنىڭ تەبىئىي ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى بولسا ئىجتىمائىي چەتكە قېقىلىش ياكى سىغدۇرۇلۇش ئەھۋاللىرىدۇر. كۆچمەنلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ياكى بۇ ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىشى چەتكە قېقىلىش ياكى سىغدۇرۇلۇش ئەھۋاللىرىنىڭ رامكىسىنى بەلگىلەيدۇ[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىدىن كېيىن ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى مۇھاجىرلارنىڭ مەدىنىلىكلەر تەرىپىدىن سىغدۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئىجتىمائىي چەتكە قېقىلىشنىڭ ئالدىنى ئۈتۈپ كەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن ھىجرەت قىلغان ئىنسانلارنىڭ چارىسىز ئەھۋالدا قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانىدى. پەقەت سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىقنىڭ ئېلان قېلىنىشى بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماستىن بەلكى قېرىنداشلىق ئېلان قىلىنغان ئائىلىلەر كىرىمىدىن تارتىپ مىراسىغىچە شېرىك قىلىنغانىدى. قېرىنداشلىق كۈچى بەزى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە تۈزۈملەرگەباغلانغانىدى. «ئىمان ئېيتقانلار، ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) - ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر-بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر-بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر-بىرىگە مىراسخوردۇر)...»[2] دېگەن ئايەت بىلەن قېرىنداش قىلىنغان مۇسۇلمانلار دەسلەپتە بىر-بىرىگە ۋارىس قىلىنغانىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇھاجىرلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ئىجتىمائىي ماسلىشىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، بۇ تۈزۈم «كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[3] دېگەن ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ھەرىكەتلىرىدىمۇ، ئۇرۇش ۋە سەپەر ئەھۋاللىرىدىمۇ قېرىنداشلاشقان ئىككى ئائىلىدىن بىرىنى قوشۇنغا ئېلىپ يەنە بىرىنى ئىككى ئائىلىگە قارىشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى پەقەت گەپ-سۆزدىلا قېلىپ قالماستىن بەلكى ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئەمەلىيلەشكەن ئىدى[4].

بۇ ھەرىكەت بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ ھىجرەتتىن كېيىن ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلار

[1] سانىيە دەدەئوغلۇ، چىسەل ئەكىز گۆكمەن: «كۆچ ۋە ئىجتىمائىي چەتكە قېقىلىش» ئەنقەرە: ئەفىل نەشرىياتى، 2011. 27-بەت.

[2] سۈرە ئەنفال 72-ئايەت.

[3] سۈرە ئەنفال 75-ئايەت

[4] ھەمدۇللاھ: 161-بەت

سەۋەبلىك چارىسىز قالماستىن مەدىنىنى ئۆز يۇرتى، تۇرغان ئۆيلەرنى ئۆز ئۆيى دەپ بىلىشلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانىدى. باشقىچە ئىپادىلىسەك، يېڭى يۇرتقا ماسلىشىش جەريانىدا دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان مەسىلىلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى بىر جەمئىيەتنىڭ ۋە بۇ جەمئىيەت بىلەن قۇرۇلىدىغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ ھۇزۇر ۋە تىنچلىقىنى ئالدىنقى ئاساس ھېسابلىغانىدى. مەدىنىدە ئەھلى كىتابتىن بولغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر مەدىنە جەمئىيىتى بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئاۋۋال مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۈچلۈك بىر باغنىڭ ئورنىتىلىشىغا موھتاج ئىدى. بۇ سەۋەبتىنمۇ ھىجرەتنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا بۇ ھەرىكەت يۈرگۈزۈلگەنىدى[1].

مەدىنىدە ئەمەلىيلەشكەن بۇ ھەرىكەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا كەڭ تارقالغان بىر قەبىلىنىڭ يەنە بىر قەبىلىگە كىرىشى ياكى ھەرقانداق ئىككى قەبىلىنىڭ باشقا قەبىلىلەرگە قارشى مۇداپىئە كۆرۈش ياكى ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە بارلىققا كەلتۈرگەن قوشۇلۇشىغا ئوخشىمايتتى. مەسئۇلىيەت قەبىلىگە ئەمەس شەخسلەرگە يۈكلىنەتتى. بۇنىڭلىق بىلەن قەبىلە مەركەزلىك بىر ھاياتتىن شەخس ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان يېڭى بىر چۈشەنچىنىڭمۇ دەسلەپكى قەدەملىرى بېسىلغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئادەتلەنگەنىدەك، بىر قەبىلىگە تەۋە بولۇشنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ، دىنىي قېرىنداشلىق ئاستىدا يېڭى بىر جەمئىيەتنىڭ باراۋەر ھوقۇق – مەجبۇرىيەتكە ئىگە ئەزالىرى ھالىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا بۇ خىل ئەھۋال تۇنجى قېتىم كۆرۈلۋاتاتتى. بۇنداق بىر تەجرىبە ئەنئەنىۋىي ئەرەب جەمئىيىتى ئۈچۈنمۇ كۆنمىگەن بىر ئەھۋال ئىدى[2].

قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىللىنىش جەريانى

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار بۇ يەردە يېڭى بىر ئىجتىمائىي تەشكىللىنىش باسقۇچىغا كىردى. مەككىدىكى يەككە ھالدىكى تەربىيەلىگۈچى ۋە يېتىشتۈرگۈچى شەكلىدە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئاۋۋال ئىجتىمائىي تەشكىلاتلانمىنى، ئاندىن سىياسىي ۋە ئىدارىي تەشكىلاتلانمىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنىدى[3]. مەككىدىكى يەككە ھالدىكى ھەرىكەت مەدىنىدە شەخسلەرنى

[1] سەيفۇللاھ كارا: «ھەزرىتى مۇھەممەد بەرپا قىلىشنى غايە قىلغان جەمئىيەتنىڭ بەزى ئىجتىمائىي ئاساس ئۇقۇملىرى»، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە دۇنياۋىي رىسالەتلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مەھپۇز سۆيلەنمەز (تەييارلىغان)، چورۇم: ئىسلامىي ئىلىملەر ژۇرنىلى نەشرىياتى، 2007، 452 ـ بەت.

[2] ئاپاك: 318 ـ بەت.

[3] ۋەجدى، ئاقيۈز: «دۆلەت رەئىسى، قانۇنشۇناس ۋە بىر مەدەنىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد»

يېڭى بىر جەمئىيەت ھاسىل قىلىشقا يۈزلەندۈرگەنىدى. يالغۇز ھالدا ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلەر بىلەن يۈكلەنگەن شەخس بىر ئۈستى بىرلىكنىڭ يەنى جەمئىيەتنىڭمۇ بىر ئەزاسى ئىكەنلىك تونۇشىغا ئىگە بولىدۇ. يەككە ھالدىكى ھەرىكەتتىن يېڭى بىر ئىجتىمائىي بىرلىككە ئۆتۈشتە تەبئىيلا مەسلىھەت ۋە كېڭىشىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ[1].

مەدىنىدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر ئىلاھلىق ئېتىقاد ئوقىدا مەككىدە ئاساسى تۇرغۇزۇلغان يېڭى بىر جەمئىيەت قۇرۇلغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى بىلەن ئەھمىيەتكە ئىگە بىر پۈتۈنلۈك قۇرۇلغان ۋە كېيىنچە جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ قاتناشتۇرۇلۇپ، يازمىچە ئاساسىي قانۇن بىلەن ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك ۋە تەرتىپنى ساقلىغانىدى. ئىسلامىي كۈلتۈر ۋە ئۆگۈتلەرنىڭ ئىزچىل بولۇشى ئۈچۈن كىچىك گۇرۇپ قۇرۇلمىلىرى مەدەنىيلىك ئاساس قىلىنغان بۈيۈك جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. دىنىي ۋە ئىجتىمائىي پرىنسىپلارنىڭ ئىزچىل نامايان بولۇشى ئۈچۈن بۇ ھالەتتىكى بۈيۈك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ نىشان قىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەقەت ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بىر ئەمەلىيەت ئەمەس ئىدى[3]. بىر يۇرتتىن چىقىپ كۆچۈشتىنمۇ بەكرەك يېڭىدىن تەشكىللىنىش، روسلىنىش ۋە يېڭى بىر جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلىش جەريانىدۇر. مەدىنىدە يېڭى بىر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ئايرىم - ئايرىم جايلاردا ياشىغان كىچىك قەبىلە ۋە جامائەتلەرنىڭ ئۇممەت بايرىقى ئاستىدا توپلىنىشى بىلەن باشلانغانىدى. بۇ جەرياننىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىگە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلانما جەريانى دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ.

ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىق

قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى بۇ قەدەم بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقتۇر. ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىق ئەڭ

ئەھمەت يامان (تەھرىرى)، جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن كۈنىمىزگىچە ھەزرىتى مۇھەممەد (ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى نۇتۇق ۋە مۇزاكىرىلىرى 13 ـ 15 ئاپرېل 2007، كونيا)، ئەنقەرە: فەجىر نەشرىياتى، 2007، 197 ـ بەت.

[1] مۇستافا ئايدىن: «دەسلەپكى دەۋردىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى» ئىستانبۇل: پىنار نەشرىياتى، 1992. 101 ـ بەت.

[2] ئامران كۇرتكان بىلگىسەۋەن: «دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى»، ئىستانبۇل: فلىز كىتابخانىسى، 1985. 196 ـ بەت.

[3] جەلالىددىن ۋەتەنداش: «ھەزرىتى مۇھەممەد (س ئە ۋ) نىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام دەۋىتى، مەدىنە دەۋرى. 5 ـ باسمىسى، ئىستانبۇل: پىنار نەشرىياتى، 2013. 29 ـ بەت.

ئاساسىي ئېنىقلىمىسى بىلەن ماقاملار ئارىسىدىكى پائالىيەتچانلىقتۇر ۋە ئىجتىمائىي ماقاملارنىڭ ئۆزگىرىشىنى نامايان قىلىدۇ[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقنىڭ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ قېرىنداشلاشتۇرۇلۇش باسقۇچى بىلەن يېڭى بىر جەريانغا كىرگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ھىجرەتتىن كېيىن مۇھاجىرلار ئېلىپ بارغان تەكشىلىكتىكى پائالىيەتچانلىق بۇ ھەرىكەتتىن كېيىن مەدىنىدە قالغان مۇددەت ئىچىدە تىكلىكتىكى پائالىيەتچانلىققا ئايلانغاندى.

بۇ قېرىنداشلىق ھەرىكىتى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى شېرىكچىلىك ئاساسى قان ئاملىدىن بەكرەك مەنىۋى ئاساسقا تايىنىلغاندى. فامىلىگە باغلىق بولغان قەبىلىۋىي ئېتىپاقلىق ئورنىنى ئېتىقادىي بىرلىكلىككە بوشاتقاندى. شۇنداق قىلىپ فامىلىدىن كەلگەن بىرلىكلىكتىن ئېتىقادقا، قەبىلىدىن بىرلىگەن ماقامدىن دىن ئوقى ئۈستىدىكى باراۋەرلىك ئالدىنقى پىلاندا بولغان بىر جەمئىيەتكە ئۆتۈشنىڭ قەدەملىرى بېسىلغاندى. بۇ قېرىنداشلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىشلار قۇرۇلماقچى بولغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى بولغان «ھەممە ئادەم تۇغۇلۇشىدىن باراۋەر» ئېڭىنىڭ مۇھىم دەسلەپكى قەدىمى ئىدى. بۇ ھەرىكەت ماقامى، بايلىقى، ئىجتىمائىي ئورنى، فامىلىسى ۋە قەبىلىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بارچە شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇق باراۋەرلىكى چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلاتتى[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىلىرىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىلدىغان كىشىلەرنى ئۆزى تاللاپ، جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ئاكتىپ ۋە ئالدىدىكى كىشىلىرى بىلەن قول سىنىپىدىكىلەرنى قېرىنداش دەپ ئېلان قىلغاندى[3]. بۇ سىستېمىدا ھەبەشىستانلىق بىر قول بىلەن قۇرەيشلىك بىر ئېسىلزادە ئارىسىدا پەرق يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە قېرىنداشلاشتۇرۇش ئۇدۇل كەلگەن ئىككى ئادەمنىڭ بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن ئەمەلىيەتكە ئايلانمىغان، بەلكى ھىجرەتتىن كېيىن بۇ ھەرىكەتكىچە بولغان بەش ـ ئالتە ئاي ۋاقىت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ياخشى تونۇپ، ئەھۋاللىرىنى كۆزەتكەن ۋە ئىنچىكە تاللاش ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندى[4].

قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى ئۇ چاغلاردىكى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ھەقىقىتى بولغان باي ـ كەمبەغەللىك ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇن پەرقىنىڭ يوقىتىلىشىدىمۇ مۇھىم بىر قەدەم بولغانىدى. بۇ كېلىشىمنامە بىلەن بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى تۆۋەن قاتلامدىكى ئىنسانلار دەپ قارىشى، بايلىق مۇھىم بىر قىممەت ئۆلچىمى بولغان

[1] مەتىن ئىشچى: «ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»، ئىستانبۇل: دەر نەشرىياتى، 2000. 71 ـ بەت.

[2] كارا: 452 ـ بەت.

[3] ئىبراھىم سارىچام: «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە دۇنياۋى رىسالەت»7. باسمىسى. ئەنقەرە: دىن ئىشلىرى مىنىستىرلىكى نەشرىياتى 2002. 140 ـ بەت.

[4] سارىچام: 141 ـ بەت.

قىڭغىر بىر جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا، ئېتىقاد ئاچقۇچ، قېرىنداشلىق ئاساس قىلىنغان بىر جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ئۆتۈشنىڭ جەريانى باشلانغانىدى.

ئۇرۇش ـ جىدەل ۋە ئايرىمچىلىقلارنىڭ ئالدى ئېلىنىشى

ئادەتتە كۆچتىن كېيىن كۆچمەنلەر ياكى ئاز سانلىقلار بارغان يېرىدىكى جەمئىيەتتە ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان جىدەل ۋە ئايرىمچىلىقلارنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئاز سانلىقلارغا ياكى كۆچمەنلەرگە

يۈكلەپ قويغان مەنە بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى باردۇر[1]. كۆچمەنلىكتىن كېيىنكى دوقۇرۇشۇشلار رىقابەتنى پەيدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىماسلىقلار ۋە جىدەل ـ ماجىرالار بۇ جەرياندىكى مۇھىم ئاقىۋەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ جىدەل ـ ماجىرالارنىڭ ئالدى ئېلىنىشى ئۈچۈن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بىلەن كۆچمەنلەر ۋە يەرلىك خەلقنى بىر ـ بىرىگە سىغدۇرۇشى كېرەك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىجتىمائىي كۈلتۈر ۋە ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك بولىدۇ.

ئىسلامدىن ئىلگىرىكى مەدىنىدە ياشىغانلار ئارىسىدا تۈزۈلمە بىرلىكى يوق ئىدى. بېشىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر قىسمى ئەرەب بىر قىسمى يەھۇدىيلەردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كېلىشەلمەسلىك بولغىنىدەك، ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جەڭگى ـ جىدەللەر بار ئىدى. يەھۇدىيلار ئىچىدىمۇ شۇنداق ئىدى. بەزىدە بىر قىسىم يەھۇدىي قەبىلىلىرى ئەۋس قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقلاشسا، بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يەنە بەزى يەھۇدىي قەبىلىلىرى خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزەتتى. پۈتۈن بۇ قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبىدىن مەدىنە شەھىرى ئاساسەن ھۇزۇر ۋە مۇقىملىقتا ئىگە بولالمىغىنىدەك، ھەرقانداق بىر سىياسىي، قانۇنىي ۋە ئىدارىي تۈزۈلمىلەرمۇ ئەمەلىيلەشمىگەنىدى. چەترەك جايلاردا ياشىغان سەھرالىقلار ئارىسىدىكى بىرلىك ۋە تەرتىپ تېخىمۇ يوق ئىدى[2].

قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن مەككىدىن كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىدىكى يەرلىكلەر ئەنسار ـ مۇھاجىر ئېنىقلىمىسى بىلەن قوشۇلۇشقانىدى. بۇنىڭلىق بىلەن مەككىدىن ھىجرەت قىلغانلار مەلۇم مۇددەتلىك بولسىمۇ ئاز سانلىق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىمىغىنىدەك، مەدىنىدە داۋام قىلغان جىدەل ـ ماجىرا ۋە ئايرىمچىلىق

---

[1] ستيۋېن كاستلەس ـ مارك. ج. مىلېر: «كۆچمەنلىك دەۋرى مەدەنىي دۇنيادا خەلقئارالىق كۆچمەنلىك ھەرىكەتلىرى»، بۈلەنت ئۆغۈر بال ۋە ئىبراھىم ئاقبۇلۇت (تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل: بىلگى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008. 19 ـ بەت.

[2] ئەھمەد ئىبراھىم ئەششەرىف: «قانۇنىي ۋە سوتسىيولوگىيەلىك تەھلىللەر بىلەن دەسلەپكى ئىسلام دۆلىتى»، نىياز بەكى (تەرجىمىسى) ئىستانبۇل: ھەرخىل چۈشەنچىلەر نەشرىياتى، 2006. 84 ـ بەت.

ئاتموسفىراسىنىمۇ يېڭى بىرلىگەن ئەنسار كىملىكى بىلەن بىسەقتۇرغانىدى. بۇ ھەرىكەت بىلەن مەدىنىدە ياشىغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان قەبىلە ۋە فامىلە نەسەبى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان جېڭگى ـ جېدەللەرمۇ ئاخىرلىشىپ، يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىسلامىي قېرىنداشلىق مەنپەئىتى ئۈستىدە بىرلەشكەنىدى. تىنچلىق ئۈچۈن خىلى تىرىشقان بولسىمۇ، بۇ ئىككى چوڭ قەبىلە شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆرۈشنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلىرى دەستىدىن ھالى قالمىغانىدى. ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئەھۋاللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇلارنىڭ ھىجرەت بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانچىلىك چوڭ ئۈمىد كۈتكەنلىكىنى كۆرسەتكەنلىكى نۇقتىسىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر[1]. قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن جېدەلخور بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئەنسار كىملىكى ئاستىدا بىرلىشىپ ئۇيۇشقانىدى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ھالىتىگە كەلگەنىدى. قۇرئان بۇ ئىشنى «... ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى...»[2] دېگەن ئايىتى بىلەن بايان قىلغانىدى.

ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئورۇن ئېلىشى

قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۇقىرى نۇقتىلارغا يۈكسەلگەن، ئەمەلىي قائىدىلەر بىلەن پۇختىلانغانىدى. خۇن داۋاسىغا ئوخشاش ئۆتمۈشكە تەۋە قائىدىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كىسەل يوقلاش، ياخشى ـ يامان كۈنلەردە بىللە بولۇش (مەسىلەن ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە توي ـ تۆكۈن)، سالاملىشىش، چاقىرغان يەرگە بېرىش، يېقىلغانغا يار ـ يۆلەك بولۇش، قوشنىدارچىلىق ھەققىگە رىئايە قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىشلارمۇ تەشەببۇس قىلىنغانىدى. ئاۋۋال مال سەرپ قىلىشتەك ئىجتىمائىي ياردەملىشىش قۇرۇلمىلىرى كۈچلۈكلىكىدەك سەۋىيەدە ئىشلىتىلگەنىدى. «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر...»[3] دېگەن ئايەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزئارا يار يۆلەكتە بولۇش كۈلتۈرىگە ئاساسلانغان كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلما مەقسەت قىلىنغانىدى.[4]

[1] سارىچام: 141 ـ بەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى 92 ـ ئايەت

[4] ئايدىن: 116 ـ بەت..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسلىھەتلىشىش ۋە ياردەملىشىش ئۆلگىسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ھەرىكەت ئىسلام جەمئىيىتى ئۈچۈن ھەمكارلىق، باشقىلارنى ئويلاش ۋە زۆرۈرىيىتى بولغاندا ئۆزى ئۈچۈن تاللاش، مەن مەركەزچىلىكتىن چىقىپ بىز تۇيغۇسىغا ئىگە شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈشتەك مۇھىم ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. مۇسۇلمانلار، پىداكارلىق ۋە باشقىلارنى ئۆز نەپسىدىن ئۈستۈن قويۇش توغرىسىدا تەربىيەلىنىپ، دۇنيا خاراكتېرلىك ئىسلامىي نۇقتىنەزەردىكى ئىجتىمائىي پسىخولوگىيەنىڭ ئاساسلىرى تىكلەنگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودا، تىجارەت، سىياسىي ۋە ئىدارىي ئىشلار ۋە بارلىق ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن بۇ چۈشەنچە بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە بۇ چۈشەنچىنى «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگىنىنى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» دېگەن سۆزلىرى بىلەن نامايان قىلغانىدى[1].

«ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىكتە ياشاش مودىلىنىڭ تايانغان ئۆلچەملىرىدىن بىرىمۇ باشقىلارنى ئۆزىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، شەخسىيەتسىزلىك» (باشقىلىرى ئۈچۈن پىداكارلىق، ئالترۇئىزىم) ئىدى دېسەك بولىدۇ[2]. ئەخلاق سىستېمىسىدا ۋە كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئەدەب ـ ئەخلاق ھېسابلىنىپ، ئۆزگىچىلىك (شەخسىيەتسىزلىك) نى قىسقىچە: «شەخسىي مەنپەئەت كۆزلىمەستىن باشقىلارغا پايدىلىق بولۇشقا ئورۇنۇش» دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ[3]. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاپ ئۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، خۇشاللىقىنى كۆپەيتىپ، ئازابىنى يوق قىلىشتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن بىراۋنىڭ باشقا ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىقىنى كۆپەيتىپ، ئازابىنى يېنىكلىتىش يولىدا مەسئۇلىيىتى باردۇر. ئىسلام ئەسەرلىرىدە بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى «ئىسار» دۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيەتلىرىدىمۇ بۇ ئۇقۇمنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولغان ئىجتىمائىي كرىزىسنى مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى ئورنىتىش بىلەن ھەل قىلغانىدى. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەل قىلىنغىنىغا ئوخشاش جەمئىيەت پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش يۆنىلىشىدىمۇ مۇھىم بىر قەدەم بېسىلغانىدى.

---

[1] سانجاكلى: 71 ـ بەت.

[2] پىداكارلىق، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى، مايىللىقىنى، ئوي ـ خىياللىرىنى نەزەرگە ئېلىش ئەھۋالىدۇر. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئادەتتە شەخسىيەتچىلىك ۋە يەككىلىككە زىت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇ. تۇنجى قېتىم ئەملە دۇركھەكىم (1858 ـ 1917) تەرىپىدىن قوللىنىلغانىدى. (مەھمەت ئەلى كىرمان: «دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى خاس ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» 2 ـ باسمىسى، ئىستانبۇل: راغبەت نەشرىياتى، 2011. 87 ـ بەت)

[3] «ئۆزگىچىلىك» ئۇقۇمى ئۈچۈن قاراڭ: جوناسېن. ل. فەرىدمەن، داۋىد ئو سېئېرس، ج. مېرىلى: «ئۆزگىچىلىك (شەخسىيەتسىزلىك) ۋە ئاكتىپ ئىجتىمائىي قىلمىش»، ئەلى دۆنمەز (تەرجىمىسى) http://dergiler.ankara.edu.tr/dergiler/40/518/6478.pdf، 118 ـ 138 بەتلەر

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋەخپە مۇئەسسەسەسىمۇ باشقىلارنى ئۆزىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش (شەخسىيەتسىزلىك) روھى بىلەن مەيدانغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى بەلگىلەشتە نۇقتىسىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. باشقىلارنى ئۆزىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش (شەخسىيەتسىزلىك) «مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆلچىمى» دەپ قارالماقتا[1]. تارىختىن بىرى قۇرۇلغان ئىسلام مەدەنىيەتلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاسلىماتسىيەنىڭ ۋە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكنىڭ مىساللىرىنىڭ كۆپ ئۇچرىماسلىقى، ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بىرى ئوخشاش بولمىغان ئىتنىك ۋە دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ ھۇزۇر ئىچىدە باراۋەر ياشىشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنى ئۆزىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى (شەخسىيەتسىزلىكى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى ئىچىدە رېئاللىققا ئايلاندى دېيىشكە بولىدۇ[2]. ئىسلام تارىخى جەريانىدا ئۆلگىلىرىگە كۆپ ئۇچرىغان بۇ ئەخلاقىي قىلمىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرىمۇ قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن سىېلىنغانىدى.

گۇرۇپپىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىش قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىگىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى

كۆچمەنلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سەرمايىنىڭ يېڭىدىن تەسەررۇپ قىلىنىشىنى كېرەك قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ھەرىكەتتۇر. كۆچمەنلىك كىشىلەرنىڭ تاللىيالايدىغان پۇرسەتلىرىنى كۆپەيتىدۇ ۋە شەخسلەرگە كەسپىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىق ئېلىپ كېلىدۇ[3].

مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىشىدىن كېيىن مەدىنىدە يېڭى بىر ئىقتىسادىي قۇرۇلما بارلىققا كەلگەنىدى ۋە ئىقتىسادىي سىستېما ۋە بۇ سىستېمىنىڭ ئىگىلىرى ئۆزگەرگەنىدى. مەۋجۇت سەرمايىنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتى ئۆزگىرىپ، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار يېڭى بىر ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى قۇرۇپ چىققانىدى.

ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگەرمەس بىر پارچىسىدۇر. چۈنكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر شەخس ۋە ئومۇمنىڭ ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھەقىقەتتۇر. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر

---

[1] لېسلى لىپسون: «مەدەنىيلىكنىڭ ئەخلاقىي كرىزىسلىرى»، ژالە تام يېشىلتاش (تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل: سودا بانكىسى كۇلتۇر نەشرىياتى، 2000. 227-بەت.

[2] ئىبراھىم سارىچام: «ۋەھيىنىڭ 1400-يىلىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن قىممەتلىرى (دۇنياۋىي قىممەتلەر) » ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ 1400-يىلىدا ھەزرىتى مۇھەممەد (س ئە ۋ)، خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىن، ئىساۋ نەشرىياتى، 578-بەتتىن 581-بەتكىچە.

[3] ئىبراھىم بالچىئوغلى: «ئىجتىمائىي ۋە پسىخولوگىيەلىك نۇقتىدىن كۆچمەنلىككە نەزەر»، ئىستانبۇل: ئەلىت كۇلتۇر نەشرىياتى، 2007. 36-بەت.

ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلىدۇر ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەردە مۇھىم تەسىرگە ئىگىدۇر. جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ۋە يېڭىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاساسى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردۇر[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىردە يەنى ئىقتىسادىي ۋە تىجارىي ساھەلەردە ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان يېڭىلىقلار بولۇپمۇ ھىجرەتتىن كېيىنكى بىر قاتار تەرتىپلەردە كۆرۈلگەندى.

ئوخشىمىغان دىنىي ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلار ياشاۋاتقان مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتە قاتتىق جامائەت باغلىرىنىڭ يۇمشاپ، شەھەر جامائەتلىرىگە خاس شەخسلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشى ئىقتىسادىي ساھەگە تەسىر قىلغان بىر ئامىل بولغانىدى. قەبىلە ھاياتى ۋە سەھرا تۇرمۇشى قايىنام بولغان مەدىنىدە دەسلەپكى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئىستىمال قىلىنىدىغان ماددىلارغا قانائەت قىلغان ئىنسانلار شەكىللەندۈرگەن ئىقتىسادىي قۇرۇلما بۇ جەريان بىلەن بىرلىكتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانىدى[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلما، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى بىلەن خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىشاتتى. بۇ دەۋردە ئىقتىساد جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشى تەبىئەتتىن تەمىنلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ بەك ئاز بىر قىسمىنى ئۆزگەرتىپ بازاردا سېتىلىشى بىلەن بولاتتى[3]. ئىسلام دىنى بىلەن بىرلىكتە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا كۆرۈلگەن ئەڭ ئاساسلىق ئۆزگىرىش ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ جۇغراپىيەلىك چېگرىسىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ئاشۇرۇپ، تىجارىي كۆلىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى بىلەن بولغانىدى. بۇ ئۆزگىرىش جەريانى ئەسلىدە مەككىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى باشلاپ، تەجرىبىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەنىدى.

ئەنسارلار دېھقانچىلىقنى بىلىدىغان جامائەت ئىدى. مەدىنە رايونى خورمىزارلىق بىلەن داڭلىق ئىدى. مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار بولسا دېھقانچىلىق بەك ئاجىز بولغان بىر جايدىن كەلگەنىدى. مۇھاجىر ساھابىلەر بەكرەك تىجارەتكە ئۇستا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىمۇ مۇھاجىرلار ئۈچۈن تىجارەت قىلالايدىغان بىر جاي پەيدا قىلماقچى بولدى. بۇ سەۋەبتىن مەدىنىدە تىجارەتتە گېپى ئۆتىدىغان ۋە بازارلاردا باشلىق بولغان يەھۇدىيلەرغا قارشى يەنە بىر بازار قىلدى ۋە مۇھاجىرلارنى ئۇ يەرگە يېتەكلىدى. ئۆزىمۇ ئانچە-مۇنچە بازارغا كەلدى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى

---

[1] سەۋىنچ گۆچلۈ: «ئىقتىسادىي قۇرۇلما»، سەۋىنچ گۆچلۈ (تەھرىرى)، قۇرۇلمىلارغا سوتسىيولوگىيەلىك بىر قاراش»، ئىستانبۇل: كىتابخانا، 2011. 79-بەت.

[2] ئابدۇراھمان كۈرت: «ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى ئىجتىمائىي كۈلتۈر باغلىنىشى»، ئۇلۇغداغ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى ژۇرنىلى، 20-جىلد، 21-سان، 2011، 18-بەت.

[3] ئەنئەنىۋي جەمئىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلىرى ئۈچۈن قاراڭ: گۆچلۈ: 67-بەت.

بىلدۈردى[1].

مۇھاجىرلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بازار بىلەن مەدىنىدە يېڭى بىر ئىقتىسادىي قۇرۇلما بارلىققا كەلدى. ھايانكەشلىك ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن نام قازانغان يەھۇدىي بازىرىغا قارشى، ھايانكەشلىك قىلمايدىغان، جازانە يېمەيدىغان ئۇنىۋېرسال بۇ بازار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ جانلانغاندى. بۇ بازار بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تىجارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىرى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغاندى ۋە ئېلىم ـ سېتىم ۋە تىجارىي ئەخلاق ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە تۈزىتىلگەندى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى تىجارەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم يەرلىرى چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا ئەجىرگە يارىشا ئىشلەپ تېپىش چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇشى مەقسەت قىلىنغاندى. ناھەق كىرىم، جازانىنىڭ ئورنىغا ئادىل ۋە دۇرۇس ئېلىم ـ سېتىم سىستېمىسى يۇقىرى سەۋىيەدە بەرپا قىلىنغاندى[2].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىساد ۋە تىجارەتتىكى تەسىرى كۈچەيگەنسېرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازارلارنى نازارەت ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن بىر ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان چارلىغۇچى ئەترەتنى ۋەزىپىگە قويغاندى. بۇ چارلىغۇچىلار بازارلاردىكى ھىيلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئوتتۇرىغا چىققان تىجارىي تالاش ـ تارتىشلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغاندى. بۇ سىستېما بىر قاراشتا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمەتچىلىك ئۈلگىسى بولغاندى[3].

قېرىنداشلاشتۇرۇش ھەرىكىتى بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ شىركەتلىشىپ ئىش قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغان گۇرۇپپىلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر. مەككىدە تىجارەت ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەدە بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھاجىرلار ياخشى تىجارەت تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. مەدىنىدە بولسا زىرائەت ۋە تېرىقچىلىق ياخشى سەۋىيەدە ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئەنسارلارمۇ يېزا ئىگىلىك ۋە دېھقانچىلىقنى ياخشى بىلەتتى. قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇھاجىرلارنىڭ تىجارەت تەجرىبىسى بىلەن ئەنسارلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك تەجرىبىسىنىڭ بىرلىشىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندى. بۇ ئەھۋال بولسا مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ ئىقتىسادىي كونترولنى قولىغا ئېلىۋالغان يەھۇدىيلارغا قارشى كۈچلىنىشىگە پايدىلىق بولغاندى[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بۇ ھەرىكەت

[1] مەھمەت ئەزبىلى: «پەيغەمبەر تارىخىنى باشقىچە ئوقۇش» 3 ـ باسمىسى، ئەنقەرە: ئەنقەرە مەكتىپى نەشرىياتى، 2010. 224 ـ، 225 ـ بەتلەر.

[2] خىزمەتلى 310 ـ بەت

[3] مەھمەت بىرەكۇل، فاتىھ يىلماز: «پەيغەمبەر زامانىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئائىلە سوتسىيولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تەتقىقاتى» كونيا: يەدىۋەرەن كىتابخانىسى، 2001. 68 ـ بەت

[4] سارىچام: «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە دۇنياۋىي رىسالىتى» 142 ـ، 143 ـ بەتلەر.

بىلەن ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەيلى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بولسۇن، مەيلى مەدىنە سىرتىدىكى دۈشمەنلەر قارشىسىدا بولسۇن ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە يۇقىرى سەۋىيەگە ئېلىپ بېرىشىنى مەقسەت قىلغانىدى[1]. شۇنداق قىلىپ نەسەبچىلىك، يۇرتۋازلىق ۋە ھەرتۈرلۈك ئۇششاق مىللەتچىلىك ئىگى قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چۈشەنچىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىنىشى بىلەن مۇھىم دەرىجىدە يوقىغانىدى.

نەتىجە

كۆچ ھەرىكىتىدىن كېيىن بۇنىڭ تەبىئىي ئاقىۋەتلىرىدىن بىرىمۇ ھەم كۆچمەنلەر ھەم يەرلىك خەلقلەر ئۇچرىغان ماسلىشىش مەسىلىسىدۇر. كۆچۈش بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كەلگەن كۇلتۇر بىرلىشىشى ھەر ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن يېڭى بىر ئەھۋال ۋە بۇ ئەھۋالغا قارشى ماسلىشىش مەسىلىسىنى پەيدا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچىشى ھىجرەت قىلىشىدىن كېيىن بىشىدىن كەچۈرۈشى مۇمكىن بولغان كۆنۈش مەسىلىسى ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق كېلىشىمنامىسى بىلەن يۇقىرى نىسبەتتە ھەل بولغانىدى. بۇ ھەرىكەت بىلەن كۆچمەنلەرنىڭ يەنى مۇھاجىرلارنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى بولغان تۇرالغۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىلىرىمۇ ھەل قىلىنغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار مەككىدە يەككە شەكىلدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەردە يېڭى بىر جامائەت شەكىللەندۈرۈشىگە يول قويۇلمىغانىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا يېڭى بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلانما باسقۇچىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىدى. مەدىنە شەھىرى ھىجرەتتىن كېيىن ئۈممەت مەركىزى قىلىنغان يېڭى بىر جەمئىيەتنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ساھىبخانلىق قىلغانىدى. بۇ يەردە قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلما تاشلىرى بولسا قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن قويۇلۇشقا باشلىغانىدى. بۇ ھەرىكەت بىلەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلانما جەريانى قۇرۇلىدىغان دەسلەپكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئىجتىمائىي پىلانىدىكى تۇنجى قەدىمى بولغانىدى.

ئۇ چاغلاردىكى جەمئىيەتتە قوبۇل قىلىنغان سىنىپىي ئۇستۇنلۇكلەرنىڭ ئېلىپ تاشلىنىش ئىسلاھاتى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر دەپ قوبۇل قىلىنىشى دەسلەپكى ئىسلام دەۋرى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان مۇھىم ئۆزگىرىشلەر ھېسابلىنىشى مۇمكىن. قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن ئوخشىمىغان ماقامدىكى شەخسلەر دىنىي

[1] ئەلى مۇھەممەد سالالبى: «ئىسلام تارىخى سائادەت دەۋرى مەزگىلى پەيغەمبەر تارىخى 1» مۇستافا كاسادار (تەرجىمىسى) 525 ـ بەت.

قىرىنداشلىق مەنپەئەتى ئۈستىدە بىرلىشىپ يېڭى بىر تونۇش ھاسىل قىلغانىدى. بۇ ئەھۋال ئۇ چاغلاردىكى ئەرەب جەمئىيىتى ئۈچۈنمۇ تونۇش ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قەبىلە ۋە نەسەب مەركەز قىلىنغان بىرلىكلىككە ئاساسەن تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە شۇنىڭغا كۆرە ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە سىنىپلارغا ئايرىلغان بۇ ئىنسانلار قىرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن دىنىي قىرىنداشلىق مەنپەئەتى ئۈستىدە باراۋەر ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر بىلەن بىر يەرگە كەلگەنىدى.

مەدىنىدە قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋام قىلغان ئۇرۇشلار مەركىزىي ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغىنىدەك، ھىجاز رايونىدا بۇ شەھەرنىڭ سىياسىي نۇقتىدىن ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرغانىدى[1]. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەرگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتىتا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن ۋەيرانچىلىقى ئاشكارا كۆرۈلۈۋاتاتتى. قىرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن ئۇرۇشقاق ئەۋس ۋە خەزرەج گۇرۇپپىلىرى ئەنسار كىملىكى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيۇشقانىدى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ھالىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆچمەنلەر يەنى مۇھاجىرلار بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدا چىقىشى مۇمكىن بولغان تالاش - تارتىشلارنىڭمۇ بۇ ھەرىكەت بىلەن ئالدى ئېلىنغانىدى.

دەسلەپكى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەھمىيەتلىك ئورنى بولغان قىرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى كېيىنكى مەزگىللەردە ئەمەلىي ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن پۇختىلانغانىدى. قىرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى بىلەن مۇسۇلمانلار پىداكارلىق ۋە باشقىلارنى نەپسىدىن ئۈستۈن كۆرۈش ھەققىدە تەربىيەلىنىپ، دۇنياۋىي ئىسلام كۆزقارىشىنىڭ ئىجتىمائىي پسىخولوگىيەلىك ئاساسلىرى تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىكتە ياشاش مودېلىنىڭ ئاساسلانغان ئۆلچەملىرىدىن بىرىنچىمۇ قىرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ مەدىنىگە يەرلىشىشىدىن ئاۋۋال بۇ شەھەر ئىقتىسادىي ۋە تىجارىي جەھەتتە مەككىنىڭ كەينىدە ئىدى. مەككە مۇھىم بولغان تىجارەت ۋە ئولتۇراقلىشىش يېرى بولسا، مەدىنە بەكرەك تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەرنىڭ ياشايدىغان ۋە مەككىگە سېلىشتۇرغاندا ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بىر جاي ئىدى[2]. قىرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتى ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە تەجرىبىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشى بىلەن مەدىنىدە قۇرۇلىدىغان يېڭى بىر ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەسىرگە ئىگە ئامىلى بولغانىدى.

[1] ئاقيۈز: 197 - بەت.

[2] بوزكۇرت، كىچىكئاشچى: 309 - بەت. دەسلەپكى مەنبەلەرگە قارىغاندا ھەزرىتى مۇھەممەد دەۋرى يىلنامىسى، ئىستانبۇل: ئىنسان نەشرىياتى، 2008، 51 - بەت.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

ۋەجدى ئاقيۈز: «دۆلەت رەئىسى، قانۇنشۇناس ۋە بىر مەدەنىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد» ئەھمەت يامان (تەھرىرى)، جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن كۈنىمىزگىچە ھەزرىتى مۇھەممەد (ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى نۇتۇق ۋە مۇزاكىرىلىرى 15 ـ 13 ئاپرىل 2007، كونيا)، ئەنقەرە: فەجىر نەشرىياتى، 2007، 238 ـ 187 بەتلەر.

ھۈسەيىن ئالگۈل: «مۇئاخات»، تۈركىيە دىنىي ئىشلار ۋەخپى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (D A)، XXX c، ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى نەشرىياتى، 2005

ئادەم ئاپاق: «ھەزرىتى پەيغەمبەر (س ئە ۋ) نىڭ ھىجرەتتىن كېيىنكى مەدىنىدە ئۈلگە جەمئىيەت ھاسىل قىلىش قەدەم باسقۇچلىرى توغرىسىدا»، ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە دۇنياۋى رىسالىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، مەھپۇز سۆيلەمەز (تەييارلىغان)، چورۇم: ئىسلامىي ئىلىملەر ژۇرنىلى نەشرىياتى، 2007، 324 ـ 315 بەتلەر.

ھۈسەيىن ئاتاي: «ئىسلامنىڭ سىياسىي شەكىللىنىشى»، ئەنقەرە: ئاتاي ۋە ئاتاي، 1999.

مۇستافا ئايدىن: «دەسلەپكى دەۋردىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى» ئىستانبۇل: پىنار نەشرىياتى، 1992.

مەھمەت ئەزىملى: «پەيغەمبەر تارىخىنى باشقىچە ئوقۇش» 3 ـ باسمىسى، ئەنقەرە: ئەنقەرە مەكتىپى نەشرىياتى، 2010.

ئىبراھىم بالچىئوغلى: «ئىجتىمائىي ۋە پسىخولوگىيەلىك نۇقتىدىن كۆچمەنلىككە نەزەر»، ئىستانبۇل: ئەلەت كۈلتۈر نەشرىياتى، 2007.

ئامىران كۇرتكان بىلگىسەۋەن: «دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى»، ئىستانبۇل: فىلىز كىتابخانىسى، 1985.

مەھمەت بىرەكۇل، فاتىھ يىلماز: «پەيغەمبەر زامانىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئائىلە سوتسىيولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تەتقىقاتى» كونيا: يەدىۋەرەن كىتابخانىسى، 2001.

نەبى بوزكۇرت، مۇستافا سەبرى كىچىككاشچى: «مەدىنە»، تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (D A)، XXVIII .c، ئەنقەرە: تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى نەشرىياتى، 2003.

ستېۋېن كاستلەس ـ مارك . ج. مىلېر: «كۆچمەنلىك دەۋرى مەدەنىي دۇنيادا خەلقئارالىق كۆچمەنلىك ھەرىكەتلىرى»، بۇلەنت ئۇغۇر بال ۋە ئىبراھىم ئاقبۇلۇت (تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل: بىلگى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008.

نەشەت چاغاتاي: «باشلانغۇچتىن ئابباسىيلەرغىچە (دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىن) ئىسلام تارىخى، ئەنقەرە: ئاتا تۈرك كۇلتۇر، تىل ۋە تارىخ يۇقىرى ئورۇنلىرى تۈرك تارىخى بۆلۈمى نەشرىياتى VII-يۈرۈشلۈكى 150-سانى، 1993.

سانىيە دەدەئوغلۇ-چىسەل ئەكىز گۆكمەن: «كۈچ ۋە ئىجتىمائىي چەتكە قېقىلىش» ئەنقەرە: ئەفىل نەشرىياتى، 2011.

ئەھمەد ئىبراھىم ئەششەرىف: «قانۇنىي ۋە سوتسىيولوگىيەلىك تەھلىللەر بىلەن دەسلەپكى ئىسلام دۆلىتى»، نىياز بەكى (تەرجىمىسى) ئىستانبۇل: ھەر خىل چۈشەنچىلەر نەشرىياتى، 2006.

جوناسېن. ل. فەرىدمەن، داۋىد. ئو. سېئېرس، ج. مېرلى: «ئۆزگىچىلىك (شەخسىيەتسىزلىك) ۋە ئاكتىپ ئىجتىمائىي قىلمىش»، ئەلى دۆنمەز (تەرجىمىسى) http: //dergiler. ankara. edu. tr/dergiler/40/518/6478. pdf، 118-138 بەتلەر 2014. 1. 14.

سەۋىنچ گۆچلۈ: «ئىقتىسادىي قۇرۇلما»، سەۋىنچ گۆچلۈ (تەھرىرى)، قۇرۇلمىلارغا سوتسىيولوگىيەلىك بىر قاراش»، ئىستانبۇل: كىتابخانا، 2011.

سابىرى خىزمەتلى: ئىسلام تارىخىدىكى دەسلەپكى دەۋر»، ئەنقەرە: ئەنقەرە مەكتەپلىرى نەشرىياتى، 2006.

مۇھەممەد ھەمدۇللاھ: «ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى» مەھمەت يازغان (تەرجىمىسى) ئىستانبۇل: بەيان نەشرىياتى، 2011.

ئىبنۇل ئەسىر: «ئىسلام تارىخى ئەلكامىل فىتتارىخ تەرجىمىسى» ئەھمەد ئاغىراكچا (تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل: ھىكمەت نەشرىياتى، 2008.

مەتىن ئىشچى: «ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»، ئىستانبۇل: دەر نەشرىياتى، 2000.

سەيفۇللاھ كارا: «ھەزرىتى مۇھەممەد بەرپا قىلىشنى غايە قىلغان جەمئىيەتنىڭ بەزى ئىجتىمائىي ئاساس ئۇقۇملىرى»، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە دۇنياۋىي رىسالەتلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مەھپۇز سۆيلەنمەز (تەييارلىغان)، چورۇم: ئىسلامىي ئىلىملەر ژۇرنىلى نەشرىياتى، 2007، 443-بەتتىن 468-بەتكىچە.

ئەنگىن قاراداغ، ئېشىن مۇتافچىلار: «ئامىباب قىلمىش ئوقىدا شەخسىيەتسىزلىك ئاساسىدا نەزەرىيىۋى چارە»، http: //www. flsfdergisi. com/sayi8/41-70. pdf، 42-بەتتىن 64-بەتكىچە، 2014. 1. 14.

مەھمەت ئەلى كىرمان: «دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى خاس ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» 2-باسمىسى، ئىستانبۇل: راغىبەت نەشرىياتى، 2011.

م. ئاسىم كۆكسال: «ئىسلام تارىخى، ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئىسلامىيەت» ئۆمەر چەتىنكايا (تەھرىرى)، ئىزمىر: نۇر نەشرىياتى، 2007.

ئابدۇراھمان كۇرت: «ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈر جەھەتتىن ئىسلامدىن ئىلگىرىكى مەككە جەمئىيىتى»، ئۇلۇغداغ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى، X. c، 2 ـ سان، بۇرسا: 2001، 97 ـ بەتتىن 122 ـ بەتكىچە.

لىسلى لىپسون: «مەدەنىيلىكنىڭ ئەخلاقىي كرىزىسلىرى»، ژالە تام يېشىلتاش (تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل: سودا بانكىسى كۈلتۈر نەشرىياتى، 2000.

ئەلى مۇھەممەد سالالبى: «ئىسلام تارىخى سائادەت دەۋرى مەزگىلى پەيغەمبەر تارىخى 1» مۇستافا كاسادار (تەرجىمىسى)

ساففات سانجاكلى: «ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ مەدىنە دەۋرىدە تەسىس قىلغان قېرىنداشلىق ئورنىتىش ھەرىكىتىنىڭ كۈنىمىزدە شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھايات نۇقتىسىدىن ئەھمىيىتى ۋە ئانالىزى»، سۆزنەتنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتىكى رولى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى. 12 ـ 11 ماي2007، كونيا: ئىلاھىيەت ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر نومۇرى: 3، 2008. 52 ـ بەتتىن 72 ـ بەتكىچە

ئىبراھىم سارىچام: «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە دۇنياۋى رىسالەت»7. باسمىسى. ئەنقەرە: دىن ئىشلىرى مىنىستىرلىكى نەشرىياتى 2002.

«ۋەھىينىڭ 1400 ـ يىلىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن قىممەتلىرى (دۇنياۋىي قىممەتلەر)» ۋەھىينىڭ نازىل بولۇشىنىڭ 1400 ـ يىلىدا ھەزرىتى مۇھەممەد (س ئە ۋ)، خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىن، ئىساۋ نەشرىياتى، 17 ـ 15 ئۆكتەبىر، 2010، 571 ـ بەتتىن 582 ـ بەتكىچە.

جەلالىددىن ۋەتەنداش: «ھەزرىتى مۇھەممەد (س ئە ۋ) نىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام دەۋىتى، مەدىنە دەۋرى. 5 ـ باسمىسى، ئىستانبۇل: پىنار نەشرىياتى، 2013.

سەفەر ياۋۇز: «كۆچ، قوشۇلۇش ۋە دىن: ياۋروپادا ياشىغان تۈركلەر باغلىنىشىدا ئىجابىي باھالار»، خەلقئارالىق ئىجتىمائىي تەتقىقاتلار ژۇرنىلى، c. 6، 26 ـ سانى، ئەتياز 2013، 610 ـ بەتتىن 623 ـ بەتكىچە.

[1]

—— (بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ)

[1] ئىنسان ۋە جەمئىيەت بىلىملىرى تەتقىقاتلىرى ژۇرنىلى، 4 ـ جىلد 2015 ـ يىللىق 3 ـ سان، 686 ـ بەتتىن 704 ـ بەتكىچە.
ماقالىنىڭ ئاپتورى مۇستەقىل تەتقىقاتچى، ئالىم.

بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىلىقى قەيەردە

دوكتور ھۇسەيىن ئابدۇلھادى ئەلى بەكرى
تەرجىمىدە: ھەبىبۇللاھ تەكلىماكان

بىز ئىسلامنىڭ قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى نەمۇنىلەرنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇ ۋاقىتتا رەببىمىزنىڭ بىزنى «ئەڭ ياخشى ئۈممەت سىلەر» دېگەن تۆۋەندىكى سۆزىگە لايىق بولالايمىز. «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت سىلەر»[1].

بۇ ئۈممەت توغرا يولدا بولۇش، تەقۋالىق، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي ۋە تەربىيە خاراكتېرلىك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقىدا ئەڭ ياخشى ئۈممەتتۇر. شۇنداق، يۇقىرىقى ئايەتتە تەرىپلەنگەن كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى، ھۆرمىتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى روياپقا چىقىرىشتا كائىناتتىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمىنلىكى، ئەدلى-ئادالىتى ۋە باراۋەرلىكى، باشقىلارغا بولغان رەھىمدىللىقى ۋە شەپقەتلىرى بىلەن كائىناتتىكى ئۈلگىلىك ئۈممەتتۇر. ئۇلار ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتتە كائىناتتىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولۇشقا لايىقتۇر.

ئۇلار ئىلىم-ھېكمەت ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ياخشىلىرىغا خۇش بىشارەت بەرگۈچى، يامانلىرىنى ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئەخلاقلارنىڭ گۈزەللىرىنى تولۇقلىغۇچى، ۋە ئىلگىرىكى

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 110-ئايەت.

پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى تولۇقلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن. «بىز سېنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خۇش بىشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەتتۇق»[1]، «بىز سېنى پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق»[2].

ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقى مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى بەرپا بولۇپ، مۇسۇلمانلار كۆچلىنىشتىن ئىلگىرىلا مەككىدىن باشلانغان. شۇنداقلا ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن تەدرىجىي كۈچەيگەن. «قۇرئان كەرىمنى بىز چۈشۈردۇق، بىز ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىمىز»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش، ھاياتلىق ۋە مەدەنىيەت سەپىرىدىكى ئالاھىدە بىر ئۆزگىرىش نۇقتىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ، بۇرۇنقى دىنلارنىڭ خۇسۇسىي خىتابى ئالەمشۇمۇل بولۇپ ئۆزگەردى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بېكىنمە ۋە بىر-بىرىگە قارشى ھالىتىدىن، ئىنسانىيەت ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان بىر ئائىلىگە ئۆزگەردى. شۇنداق قىلىپ، ئادەملەر ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم: «خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىردۇر» دېگەن ئىنسانىي قېرىنداشلىق چاقىرىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك دەرىجىسىنى توغرا يول ۋە ياخشى ئىشتىن باشقىدا ئايرىپ ئولتۇرماستىن، ئۆزئارا بىرگە ياشاش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇش پرىنسىپىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئىدى.

«ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى ئەر ۋە ئايالدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى (ھەر خىل) مىللەت ۋە قەبىلە قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىكلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋالىرىڭلاردۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەر ئىشنى بىلىپ ۋە خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر»[4].

تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى قاققان سادا، ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئادالەت، مۇئامىلىدە دوستانىلىق ۋە شەپقەت بەرپا قىلىش چاقىرىقى بولغان ئىدى. «ھەقىقەتەن ئاللاھ ئادالەت ۋە ئېھسانغا بۇيرۇيدۇ»[5].

ئىسلام ئادالەتنى پۈتۈن مەسىلىنىڭ ئالدىدا قويغان. ئىنسانلارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك ئورنىغا قارىماستىن داۋا-دەستۇردىمۇ ھەممىگە ئورتاق ئادىل بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: «بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب

---

[1] سەبەئ سۈرىسى 28-ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 108-ئايەت.
[3] سۈرە ھىجر 9-ئايەت.
[4] ھۇجۇرات سۈرىسى 13-ئايەت.
[5] نەھل سۈرىسى 90-ئايەت.

بولمىسۇن، (دۈشمەنلىكلارغىمۇ) ئادىل بولۇڭلار. ئادىللىق تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر»[1].

بىز ساپ بولغان مەدەنىيەت نەمۇنىسى ۋە گۈزەل ئۆرنەكلەر بىلەن ئادالەتكە تولۇشقان ئىسلامنىڭ لاياقەتلىك بىر يېتەكچى ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا جاكارلىيالايمىز ۋە شۇنداقلا قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ تەلىماتىغا ئۇيغۇن بولغان ئەمەلىي ئۆرنەكلەر بىلەن ئىسلامنىڭ ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغانلىقىغا دەلىل كەلتۈرەلەيمىز. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىنائەن ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئۈممەتلىك سالاھىيىتىگە لايىق ۋە ئاللاھ پۈتۈن ئۈممەتلەر ئارىسىدىن بىزگە ئاتا قىلغان ئوتتۇراھاللىق دەرىجىسىگە مۇناسىپ بولغان بولىمىز. «شۇنىڭدەك (سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ ماڭغان ئۈممەت قىلدۇق»[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەققانىي بەرپا قىلىپ، باتىلنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ۋە ياخشىلىقتا بەسلىشىپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ گۇۋاھچىلىق شەرىپىگە ئېرىشەلەيمىز. «سىلەر ئىنسانلار ئۈستىدىن گۇۋاھچى بولىسىلەر»[3].

ئىلگىرىكى ياخشى ئۈممەتنىڭ تارىخىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلق ئارىسىدا ئىنساپ ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا بايان قىلغان ئاجايىپ بىر ئۆرنەكنى بايقايمىز. بىر كۈنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مىسىر ۋالىيسى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلىدىن مىسىرلىق قىبتىگە ھەققىنى ئېلىپ بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ باللىرىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئىنسانلارنى ئانىلىرى ھۆر تۇغقان تۇرسا، سىلەر ئۇلارنى قاچان قۇل قىلىۋالدىڭلار؟

ئادىمىيلىكتە سەممىي كىشىلەر ئۆمەرنىڭ ئادالەت بەرپا قىلىشىدىكى مۇشۇ پەزىلىتىنى ئەستە تۇتۇۋالغان ئىدى.

فرانسىيە ئىنقىلاب خەۋەرلىرىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار: ئىنقىلاب باياناتچىسى مىيسۇ لافىت (ئادەم ھۆر تۇغۇلىدۇ ئۇنى قۇل قىلىشقا بولمايدۇ) دېگەن ئىنقىلابنىڭ تۇنجى باياناتىدىكى تۇنجى ماددىنى ئوقۇپ ئۆتكەندە بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ: (ئى بۈيۈك ئەرەب پادىشاھى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ! سەن ئادالەتنى تولۇق روياپقا چىقارغان كىشى سەن) دېگەنىكەن.

---

[1] مائىدە سۈرىسى 8-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 143-ئايەت.

[3] ھەج سۈرىسى 78-ئايەت.

تارىخچى گوستاف لوبون «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىم دۇنياغا كۈچ قۇۋۋەت ئارقىلىق تارقالغان ئەمەس. ئەرەبلەر مەغلۇپ بولغانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى دىنى بويىچە ھۆر ھالەتتە قويغان (ئىسلامغا مەجبۇرلىمىغان). شۇ ۋاقىتتا خرىستىيانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلى دىنى بولغان خرىستىيانلىقىدا قالغان. رايونلارنى پەتھى قىلغان قوماندانلار شۇ رايون خەلقىنى باشقۇرغان ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا ئىنتايىن ئادىل بولغان.

بىزمۇ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان گۈزەل بىر نەمۇنە ۋە ياخشى ئۈممەت بولغان ئىدۇق. مۇسۇلمانلارغا ئىلاھىي خىزمەت رامكىسى ئىچىدە يۈكلەنگەن ۋەزىپە بولسا، بۈگۈنكى كۈندە «ئۈممەتنىڭ ياخشىسى» دېگەن رەھبەرلىك ئۈلگىسى توغرا بىر ئاساس ئۈستىدىكى ھاياتلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىش مەيدانلىرىدا ياخشى ئۈلگە بولۇش ئىدى.

بىز زېمىندىكى ئورۇن باسارلىق خىزمىتىنى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىكى بىردىنبىر ئاساس، بەلكى ئىمانىنىڭ تەتبىقلىنىشى دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەرمۇ كۆرىدۇ»[1]، «ئاللاھ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى»[2].

ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيەلەشتە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا «زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى» دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنداقلا ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دە بىزدىن تەلەپ قىلىنغان ئىبادەتنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ئىبادەتلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

مۇسۇلمانلاردىكى ئەڭ ئېغىر خاتالىقلاردىن بىرى دىنىنىڭ مۇئاملىگە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىڭمۇ ئىبادەت كاتېگورىيىسىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى نوقۇل كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ناماز، روزا، زاكات، ھەج... قاتارلىق ئىبادەتلەر دەپ چۈشۈنۈۋېلىشىدۇر.

شەرىئەت سىمۇۋل خاراكتېرلىك ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇپ، ئىبادەتتىن مەقسەت قىلىنغان غايىنىڭ روياپقا چىقىشى مۇئاملە ئىبادىتىنىڭ دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. تەقۋالىقنى قاراپ ئۇققىلى بولمايدۇ. تەقۋالىق پەقەت ھالال ـ ھارام، ھەق ـ ھوقۇقنى قوغداش ۋە ئەخلاقىي مۇئاملىدە كۆرۈلىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەجلىسىدە بىر ئادەم تىلغا ئېلىنىپ، شۇ سورۇندا بار

[1] تەۋبە سۈرىسى 105 ـ ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

كىشىلەرنىڭ بەزىسى ئۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگىنىدە، ئۆمەر گۇۋاھچى ئۇچۇن: سەن ئۇ ئادەمگە سەپەردە ھەمراھ بولۇپ باققانمۇ؟ دېدى. ئۇ ئادەم ياق دېدى. ئۆمەر گۇۋاھچىغا: ئۇ ئادەمگە ئامانەت قويۇپ باققانمۇ؟ دېدى. ئۇ كىشى ياق دېدى. ئۆمەر دېدىكى: ۋاي تووۋا ساڭا، سەن بەلكى ئۇ ئادەمنىڭ مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپسەن.

ئىبادەتلىرى يۇكسەك بىر ئەخلاققا ئىگە قىلالمىغان ئادەم ئۆزىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ دۇرۇس بىر ئادەم ئىكەنلىكى، پۇل-مال ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىش، سەپەردە ھەمراھ بولۇش ۋە خوشنىدارچىلىقتا نامايەن بولۇپ، ئادەمنى مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرۈشىمىز ئۇ ئادەمنىڭ دۇرۇس بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئىش ئەمەلىيەتتە بىز كۆرگەندەك ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» دېگەن سۈپەتكە لايىق بولۇشىمىز ئۈچۈن، سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەخلاق ئىبادىتى ۋە مۇئامىلە ئىبادىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر.

«ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزا ۋە بەرگەن زاكىتى بىلەن قىيامەت كۈنى ناھايىتى ۋەيرانە قىياپەتتە كېلىدۇ». ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇلار مۇئامىلە تۈردىكى ئىبادەتتە سۇس كىشىلەر بولۇپ، «بۇنى تىللاپ، ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلىغان، بۇنىڭ مېلىنى يەۋېلىپ، ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە بۇنى ناھەق ئۇرغان دېگەندەك قىلمىشلىرى بىلەن كېلىدۇ» ئۇ كىشىنىڭ نەتىجىسى بىزگە پەيغەمبىرىمىز خەۋەر بەرگىنىدەكلا بولىدۇ. «شۇنىڭ بىلەن ئۇ زىيان تارتقۇچى ئادەمنىڭ ياخشىلىقىدىن قارشى تەرەپتىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەملەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ھەق تولۇق ئادا قىلىنىشتىن ئىلگىرى ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتسە، قارشى تەرەپنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئادەم (باشقىلارغا ياخشىلىقلىرى ئېلىپ بېرىلىش ۋە باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئۈستىگە تاشلىنىشلاردىن كېيىن) جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ». ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

بىز يۇقىرىدا سۈپەتلەنگەن ئادەمنىڭ دەل قارشىسىدا شۇنداق بىر ئادەمنى بايقايمىزكى، ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاقى گۈزەل، كېچىدە قىيامدا تۇرغان، كۈندۈزى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئەجرىگە (گۈزەل ئەخلاقى بىلەن) يېتىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ كۈندۈزى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ دەرىجىسىگە شەكسىز يېتەلەيدۇ» دېگەن.

قۇرئان كەرىم ئىككى خىل ئىبادەت شەكلىنىڭ ئوتتۇرىنى، ئاللاھنىڭ ناماز توغرىسىدا قىلغان مۇنۇ سۆزى بىلەن باغلىغان: «ئى پەيغەمبەر! ناماز ئوقۇغىن. شەكسىزكى ناماز، يامان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتتىن چەكلەيدۇ»[1].

ھەقىقىي ئوقۇلغان ناماز ئىنساننى ئەخلاق يولىغا باشلىسا، زاكات ئىنساننىڭ نەپسىنى پاكلاشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. روزا تۇتۇشقا بولغان بۇيرۇقمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، روزىدىن ئالىدىغان دەرس ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەنلا بولماستىن، قولغا كىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق بىلەن بولىدۇ.

يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىز ھەرگىزمۇ سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرگە سەل قارالسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئىبادەت بىلەن مۇئامىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇكەممەل بىر باغلىنىش ھەقىقىدىكى ئىسلام تەلىماتىنى بايان قىلىشتۇر خالاس.

توغرا قىلىنغان ئىبادەت گۈزەل ئىش ـ ھەرىكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ دىنىمىزنىڭ جەۋھىرى قىسمىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم».

بىز دۇرۇسلۇق، ياخشى مۇئامىلە ۋە گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولىدۇق. ئەخلاق ۋە ئىش ھەرىكەتتە دۇرۇس بولماستىن «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» بولالمايمىز. ياسالما دىندارلىق مەسلىسى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا كەڭ تارقالغان قورقۇنچلۇق ئىللەتلەردىندۇر. مەسىلەن: دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بەزى ساقچىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ۋە روزا تۇتۇپ ھەج قىلىدىغان دىندار شەخس ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. لېكىن دىندارلىق، ئۇلارنى ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇرۇپ ـ قىيناشتىن ئىبارەت خىزمەتتىن توسۇپ قالالمايدۇ.

مەلۇم بىر دۆلەتتە خىزمەت قىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر مەسئۇل، سايلامنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش ۋە ئەركىنلىكنى بوغۇش ئارقىلىق مەشھۇر بولغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئائىلىسى ئىچىدە دىندار دەپ تونۇلغان، ھەتتاكى يېقىنلىرىغا دىن دەرسى بېرىدىغان كىشى ئىدى. شۇنىڭدەك دىنىنىڭ پەرزلىرىنى ئورۇندايدىغان، ئەمما كۈندىلىك ھاياتىدا دىنىدىن چەتنىگەن يوللار بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان بەزى مۇسۇلمانلارنى ئۇچرىتىمىز.

بۇ يەردىكى مەسىلە، ھەرگىزمۇ نىفاق ياكى بىلمەسلىك ئەمەس، بەلكى دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزگەرتىپ، ساختا دىندارلىق قىلغانلىقىدۇر خالاس. ساختا دىندارلىق يەكگىل ۋە راھەت بولۇپ، تىرىشچانلىق ۋە پۇل تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى ساختا

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

دىندارلىق سىمووول خاراكتېرلىك ئىبادەت ۋە شەكلىۋازلىقتىلا توختاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھاياتتا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھازىرقى ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ساختا دىندارلىق ئىچىگە كىرىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار قانداقمۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىسى بولۇش ئۈچۈن مىللەتكە ئۈلگە بولالىسۇن؟

ھەقىقىي ئىسلام پىرىنسىپلىرىدىن دەپ قارىلىدىغان ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە ئادالەتنى قوغداش، بۇلارنىڭ نەزىرىدە خەتەر بىلەن قورشالغاندۇر. چۈنكى، بۇ ئىشلار گاھىدا ئۇلارنى تۈرمىگە سولىۋېتىشى، ئاچ قويۇشى، يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشى ۋە ئۆلۈمگە ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. سىمۋوللۇق ئىبادەت بىلەن مۇئامىلە تۈردىكى ئىبادەتنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنساننىڭ تەربىيە ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ساختا دىندارلار ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتىدۇ. ئىنسانلارغا مۇسۇلمانچە سالام بېرىدۇ، خوتۇن-قىزلىرىنى ھىجاپلاندۇرىدۇ. گاھىدا، فرانسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ھىجابنى چەكلەشكە قارشى نامايىشلارغىمۇ قاتنىشىپ قويىدۇ. ئۇلار نامايىشتىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىنى نۇقسانسىز ئورۇندىغانلىقلىرىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. ساختا دىندارلىق مۇسۇلمانلارغا تەگكەن ئەڭ ئېچىنىشلىق كېسەل بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى سەلبىي ئوبراز ۋە غەپلەتكە ئېلىپ بارىدى. ئېزىلىش، مۇستەبىتلىك ۋە مۇستەملىكىنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ھەر خىل تۈردىكى يولسىزلىقلار بىلەن ئاسان ئۆزلىشىپ كېتىدىغان قىلىپ قويىدى. ئەمەلىيەتتە ساختا دىندارلىقنىڭ تارقىلىشىنىڭ بىر نەچچە خىل سەۋەبى بار.

ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى جەۋھەر بىلەن سىرتقىي كۆرۈنۈش ئوتتۇرىدا ئېغىر زىتلىقنىڭ بولۇشى شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. بەزى ئەلكرانلاردا شەيخ ئاتالغانلار زالىم ھاكىمىيەت ئۈچۈن ھۆرمەت بىلدۈرگەن ئاساستا جەددىي مۇنازىرە تەلەپ قىلىدىغان ماۋزۇلارغا كىرمەستىن زىكىر، تالاق، تەھەججۇد نامىزى ۋە قۇرئان ئوقۇش توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. ئەمما باش بولىدىغانلارنىڭ سۈپەتلىرى، ئىنسان ھەقلىرى، جەددىي ئاپەت قانۇنلىرى، ياكى ئۈممەتنىڭ مىللىنىڭ ئوغرىلانغانلىقى، زۇلۇم ۋە يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ قىلمايدۇ. ھالەت شۇ تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلام رىسالىسىنى يەتكۈزۈۋاتىمەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار ئىنسانلارغا ئىسلام رىسالىسى ۋە ئاللاھنىڭ دىنى توغرىسىدا سەتلەشتۈرۈلگەن ۋە ئاجىز كۆرۈنۈشنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئالداۋاتىدۇ.

بىز «ياخشى ئۈممەت» ئۈلگىسىنى تىكلىمەكچى بولساق، مۇسۇلمانلارنى سىمۋوللۇق ئىبادەتلەر (ناماز، روزا ۋە زاكاتقا ئوخشىغان)، مۇئامىلە تۈسىدىكى ئىبادەتلەر بىلەن

تەربىيەلىشىمىز كېرەك. بۇ ئىككى تۈر ئىبادەتنى بىرلەشتۈرۈش ۋە تولۇقلاش ئىسلام ۋە ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تەقەززاسىدۇر.

بەزى كىشىلەر سوراپ قالىدۇ: بىز سىمۋوللۇق ئىبادەتلەرنى تونۇپ بولغان ئىدۇق. ئۇنداقتا سىلەر كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى مۇئامىلە تۈسىدىكى ئىبادەتتىن نېمىنى كۆزلەۋاتىسىلەر؟ ئىككى خىل ئىبادەت ئوتتۇرىسىدا نېمە مۇناسىۋەت بار؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىمان يەتمىش ياكى ئاتمىش نەچچە تارماق بولىدۇ. ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېيىش. ئەڭ تۆۋىنى بولسا يولدىكى ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش» دېگەن سۆزىنى ۋە «ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىنسانلارغا ئەڭ كۆپ نەپ يەتكۈزگىنى، قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن يول مېڭىش مەن ئۈچۈن مېنىڭ مەسجىدىمدە بىر ئاي ئېتىكاپقا كىرگەندىن سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن سۆزىنى ئويلىنىپ باقسۇن.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ «ياخشىلىقتا بەسلىشىڭلار»[1]، «زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار»[2]، «ئۇلارغا ئېيتقىنكى خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار»[3]، «ئاللاھ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتتى ۋە سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى»[4] دېگەن سۆزلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باقسۇن.

ئەمەلىيەتتە سىمۋوللۇق ئىبادەت نەپسىنى پاكلاپ، ئەخلاق، ئىخلاس ۋە راستچىللىقنى بەرپا قىلىدۇ. «شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋالىرىڭلاردۇر»[5].

مۇئامىلە تۈسىنى ئالغان كۆندىلىك ئىبادەت ئىنساننى ئىلىم، ماھارەت، مەلۇمات، ئىجادىيەت قوراللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

—— بۇ ماقالىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى: فارۇق مۆھتەرەم

[1] بەقەرە سۈرىسى ـ 148 ـ ئايەت.
[2] مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
[3] تەۋبە سۈرىسى 105 ـ ئايەت.
[4] ھۇد سۈرىسى 61 ـ ئايەت.
[5] ھۇجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

پسىخىك ئاجىزلىقىڭىزغا تاقابىل تۇرۇڭ!

ئەمرە ھاشىم
تەرجىمىدە: تاھىرجان ئابباس

سىز ھاياتىڭىزدا ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلەمسىز؟ سىزنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟ سىز بىر ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن توختاپ قالامسىز ياكى باشقا ئىستەكلىرىڭىزنىمۇ رويابقا چىقىرىشقا تىرىشامسىز؟

ئەلۋەتتە مەن ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندەك، چوقۇمكى سىزمۇ ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىكىڭىز مۇقەررەر. شۇنداقتىمۇ يەنە بۇ ھاياتتا ئەڭ ياخشىغا ئىنتىلمەيدىغان كىشى بولمايدۇ. كەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭىمۇ بىز ھاياتىمىزدا ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا ئېرىشەلمەيدىكەنمىز ياكى بۇ يولدا تۈرلۈك توسالغۇلاردىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز. گەرچە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بىز بۇ خىل چۈشكۈنلىشىشنى توغرا دەپ قارىمىساقمۇ يەنىلا ئاجىزلىق پسىخىكىسىدىن قۇتۇلالمايمىز.

ئىنساننىڭ روھىي ھالىتىگە مۇناسىۋەتلىك پسىخىكا ئاجىزلىقى ئادەتتە تۈرلۈك بولىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزى ئىنساننىڭ ئەقلىي، جىسمانىي، ماددىي، مەنىۋى ياكى ئىجتىمائىي تەرەپلىرىگە باغلىنىشلىق بولسا، بەزىدە شەخسنىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىدە چوڭ كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىشلاردىن تۇغۇلىدۇ. بەزىدە بولسا كىشىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بىر قىسىم ئىشلار باركى، ئۇ بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن چوڭ، شۇنىڭدەك يەنە بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن غايەت نورمال، يەنى ئۇ ئىش ئەمەلىيەتتە ئاجىزلىققا سەۋەب بولغىدەك دەرىجىدە ئېغىر ئەمەس. ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئاجىزلىق تۇيغۇسى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن نورمال ئەھۋال دەپ قارىلىدۇ. بىزمۇ بۇنى جىددىي ئەھۋال ياكى روھىي كېسەللىك دەپ قارىمايمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىلىرىمىزنى ھېس قىلىپ، ئۇنى

ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنىمۇ قوبۇل قىلالىغان بولاتتۇق. چۈنكى ئۆزىدە بىرەر نۇقسان ياكى ئاجىزلىق ھېس قىلغان كىشى، بۇنى باشقىلار ياقتۇرمايدىغان ۋە باشقىلاردىن تامامەن پەرقلىق بىر نۇقسان دەپ بىلىپ، نومۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەدىنى، زېھنى، ئۆزى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كۆرۈلىدىغان ھەر قانداق بىر نۇقسان ياكى ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ؟

تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىز ئۆزىمىزگە مۇنداق سوئال قويۇشىمىز كېرەك. بىز ئۆزىمىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزنى قوبۇل قىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغان ھېسسىياتىمىزغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟

پىسخىك ئاجىزلىقىڭىزغا تاقابىل تۇرۇڭ، روھىي ھالىتىڭىزدىن ياكى جامائەتچىلىكتىن قېچىشقا ئۇرۇنماڭ. ئۆزىڭىزگە تولۇق ئىشىنىڭ، چۈنكى جەمئىيەتتە روھىي ئاجىزلىق ھېس قىلىدىغان كىشى پەقەت سىزلا ئەمەس.
سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزدە ھېس قىلغان ئاجىزلىق تەرىپىڭىزنى ئوبيلاپ چۈشكۈنلىشىپ كەتمەڭ، ئالدى بىلەن ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ياكى ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىڭىز ئۈستىدىن غالىب كېلىڭ!

ئەگەر ھېسسىياتىڭىزدىكى ئاجىزلىق ئۆزگەرتىش ۋە ھالقىپ كېتىش قولاي تىپتىكى ئاجىزلىق بولغان بولسا، دەرھال ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىڭ. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن سىز ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىق تۇيغۇڭىزنى يېڭەلەيسىز. سىز بۇنى ئالدى بىلەن ئۆز ئىرادە كۈچىڭىز بىلەن ئۆزگەرتىشكە باشلىشىڭىز كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىڭىزنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى روھىي ھالىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ ياكى ئۇنى خىيال قىلىپ كۆرۈڭ. بۇ سىزنىڭ سەۋرچانلىق ۋە قەتئىيلىك روھىڭىزنى ئۆستۈرىدۇ، ھەمدە ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىتتا ھېس قىلىشقا باشلايسىز. گەرچە تۇرمۇشىڭىزدا سىز ئۈمىد قىلغاندەك ئەۋزەل شارائىتقا ئېرىشەلمىسىڭىزمۇ، لېكىن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيسىز. جەمئىيەتتە ئەھۋالى ناچار، ئاجىزلىققا ۋە يوقسۇزلۇققا پېتىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەردىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سىزدىنمۇ ئىزتىراپلىق ھاياتتا ياشايدىغانلىقىنى ئويلاڭ. بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەم سىناققا، ئىمتىھانغا ۋە توسالغۇلارغا يولۇقىدىغانلىقىنى، ھاياتنىڭ ئىبرەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىڭىزدە بەزى ئاجىزلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى، سىناققا دۇچ كەلگەن كىشى پەقەتلا سىز ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭ. شۇنداق قىلغاندا سىز تەسەللى تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىسىز، شۇنىڭدەك ھەر دائىم ئەھۋالىڭىزنىڭ ناچار بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالايسىز.
«خارولد ئاببوت» ۋۇپىيى شەھىرىدە بىر ئىسكىلاتنىڭ دىرېكتورى بولۇپ

ئىشلىگەن. ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مىلادىيە 1934-يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن يولدا كېتىۋېتىپ ئون سېكۇنتتەك بىر مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. لېكىن بۇ ئون سېكۇنتتا مەن بۇندىن ئون يىل ئاۋۋال ئۆگەنگەنلىرىمدىنمۇ كۆپرەك ياشاشنى ئۆگەندىم. ئىككى يىل ئىلگىرى مەن ۋەيپى شەھىرىدە بىر مېۋە-چېۋە ئىسكىلاتىنى باشقۇراتتىم. بۇ جەرياندا مەن قول ئىلكىمدىكى پۈتۈن مال-مۈلكۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ھەتتا يەتتە يىل ئىشلەپمۇ تۆلەپ بولالمايدىغان دەرىجىدە قەرزگە پېتىپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامبارنى تاقىدىم ۋە كانزاس شەھىرىگە بېرىپ ئىش ئىزدەش قارارىغا كەلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سودا-سانائەت بانكىسىدىن قەرز پۇل ئېلىشىمغا توغرا كېلەتتى. بۇ مەقسەتتە ئۆزگە قاتتىق ئىشەنچ قىلىدىغان، جۇشقۇن بىر ئادەمدەك روھلۇق كېتىپ باراتتىم. بۇ چاغدا يولدا ئىككى پۇتى مېيىپ بىر ئادەمنىڭ مېيىپلار ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئىككى قولىغا باغلانغان ياغاچ بىلەن ھارۋىنى ماڭدۇرۇپ چوڭ يولدىن قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى دىققىتىمنى تارتتى. بۇ كىشى يولدىن ئۆتۈپ پىيادىلەر يولىغا چىقىۋاتقاندا ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ماڭا ئاجايىپ يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن قاراپ: «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ئەپەندىم، بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ئەتىگەن ھە!» دېدى. مەن ئۇ كىشىگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك باي ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم. چۈنكى مېنىڭ ئىككى پۇتۇم ساق، ماڭالايتتىم. مەن ئۆزۈمدىن خىجىللىق ھېس قىلغان ھالدا خىيالىمدىن مۇنۇلارنى ئۆتكۈزدۈم: «ئىككى پۇتى يوق بۇ ئادەم شۇنچە ئۆزگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ، خۇشال ئۆتىدىكەن، مېنىڭ ئىككى پۇتۇم بار، ئۇنداقتا مەن قانداق بولۇشۇم كېرەك؟» مەن بۇلارنى ئويلاپ روھىي جەھەتتىن خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم. ئەسلىدە مەن بانكىدىن يۈز دوللار قەرز ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتىم. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ئىككى يۈز دوللار ئېلىپ، كانزاس شەھىرىگە ئىش ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوقۇم ئىش تېپىپ ئىشلەش ئۈچۈن بېرىش قارارىغا كەلدىم ۋە بۇ ئىشەنچ بىلەن بانكىغا بېرىپ ئىككى يۈز دوللار قەرز ئالدىم، نەتىجىدە كانزاس شەھىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتىم.

ئەگەر سىز پىسخىكىڭىزدىكى ئاجىزلىق تەرەپلىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىڭىز ياكى مەقسىتىڭىزگە سىز ئۈمىد قىلغان دەرىجىدە يېتەلمىگەن بولسىڭىز، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ يەنە باشقا يوللىرى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ شەخسىيىتىڭىزدە مەۋجۇت باشقا ئارتۇقچىلىقلاردۇر. سىز ئۇنى بايقاش ۋە باشقىلاردا كۆرۈلمىگەن ئۆزگىچىلىكىڭىزنى قېزىش بىلەن ئاجىزلىقىڭىزغا غالىب كېلەلەيسىز. مەسىلەن: ئەگەر سىز بىر باسقۇچتىكى ئوقۇغۇچى بولۇپ، ماتېماتىكىنى تەلەپكە لايىق ئۆزلەشتۈرەلمەپسىز، ساۋاقداشلىرىڭىزغا قارىغاندا نومۇرىڭىز تۆۋەن ئىكەن، لېكىن تەنتەربىيەدە بىر قانچە مېدالغا ئېرىشىپسىز، بۇنداق ئەھۋالدا سىز ماتېماتىكىدىكى ئاجىزلىقىڭىزنى ئويلاپ چۈشكۈنلەشمەي، تەنتەربىيەدىكى نەتىجىڭىزگە قاراپ كەيپىياتىڭىزنى ئۈستۈن تۇتۇشقا تىرىشىڭ. بۇ سىزنىڭ روھىي چۈشكۈنلىكىڭىزنى بېسىپ، ماتېماتىكىدىكى ئاجىزلىقىڭىزنى يېڭىشكە كۈچ بېرەلەيدۇ.

بىن فورربېستون 1939-يىلى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ھادىسىنى

سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆز ۋاقتىدا بىغىمدا كۆپىيىپ كەتكەن قومۇشلارنى ئورۇۋېتىپ، ئورنىغا پۇرچاق يېتىشتۈرۈش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. بىر كۈنى باغدىن بىر باغلام قومۇشنى ئورۇپ، ماشىنا بىلەن ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم. توساتتىن قومۇش ماشىنىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن مەن قاتتىق تەمتىرەپ كەتتىمۇ قانداق بىلمەيمەن، ماشىنا بىرىپ چوڭ بىر دەرەخكە ئۇرۇلۇپ ئۆرۈلۈپ كەتتى. بۇ ۋەقەدە ئومۇرتقا سۆڭىكىم قاتتىق زەخىملەنگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەن يېرىم پالەچ بولۇپ قالدىم. باشتا ھالىمغا قاتتىق ئېچىندىم، تەلەيسىزلىكىمدىن ئاچچىقلاندىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ بۇنداق كاج تەلىيىمنى لەنەتلەيتتىم. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق غەزەپلىنىش، ئەلەم بىلەن غەمكىن ئۆتۈش ھاياتىمدا ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. باشقىلارنىڭ داۋاملىق ماڭا كۆيۈنگەنلىكىنى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى كۆردۈم. شۇڭا مەنمۇ ئۇلارغا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆزۈمنىڭ رولىنى ئادا قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئون تۆت يىل ئۈزلۈكسىز كىتاب ئوقۇدۇم. بۇ جەرياندا 1400 پارچىدىن كۆپ كىتاب ئوقۇپتىمەن. ھەربىر كىتابنى ئوقۇسام ماڭا يېڭى بىر ئۇپۇق ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا دۇنيانى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىنى تونۇشقا باشلىدىم. كىتاب ئوقۇش ۋە ئۇنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن بارا ـ بارا سىياسەت ۋە ئومۇمنىڭ ئىشىغا قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. مانا ھازىر مېيىپلىك ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ خەلققە لېكسىيە سۆزلەۋاتىمەن».

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەگەر سىز ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاجىزلىقىڭىزنى ئۆزگەرتىمەن دېسىڭىز ياكى خاراكتېرىڭىزغا يات ۋە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان بىر خىيالنىڭ پېشىدىن قوغلاپ يۈرگەن بولسىڭىز ياكى ئەمەلىيلەشمەيدىغانلىقى ئاللىبۇرۇن ئېنىق بىر ئىشنى قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلغان بولسىڭىز، بۇ تولىمۇ ئەخمەقانىلىقنىڭ ئالامىتى. چۈنكى بۇ سىزنى ئاخىرىدا ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. كونتروللىقىڭىزنى يوقىتىسىز، بەلكى چۈشكۈنلۈك ۋە پسىخولوگىيەلىك بېسىم ئاستىدا قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بەزى ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزگەرتكىلى بولسىمۇ، يەنە بەزى ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئەسلا ئۆزگەرتەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزدىكى ئۆزگەرتىش ئىمكانسىز بولغان ئاجىزلىقلىرىڭىزنى تەن ئېلىپ، ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشىڭىز، بۇنىڭدىن ئەسلا ئۇڭايسىزلانماسلىقىڭىز لازىم.

مەسئۇلىيەتتىن قېچىش

سىز ئۆزىڭىزنىڭ روھىي ئاجىزلىقىڭىزغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەنئۇيتىمنى كۆتۈرىمەن، باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە دۇچ كەلمەيمەن دېسىڭىز، ئالدى بىلەن روھىي ئاجىزلىقىڭىزغا جەسۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىڭىز، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئارقىلىق ئاجىزلىقىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلارغا ئوخشاپ قالماسلىقىڭىز لازىم. دېمەكچى بولغىنىم، جەمئىيەتتە شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ، ئېتىراپ قىلغاندىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭغا مەجبۇر قالغانلىقىنى ئالغا سۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى (مەسىلەن، شەخسىيىتىمدىكى ئاجىزلىق

ئەتراپىمىدىكى ماكا پايدىلىق بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ نەتىجىسى ياكى ئەجدادلاردىن ماڭا قالغان ئىرسىيەت ياكى بالىلىقىمدا دۇچار بولغان كېسەلنىڭ تەسىرى ياكى دوختۇرنىڭ كېسىلىمگە توغرا دىئاگنوز قويالماسلىقى دېگەندەك) تەسەۋۋۇردا ئويدۇرۇپ چىقارغان بىر قىسىم ئىللەتلەرگە ئىتتىرىپ قويۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ باھانىلەر ئەلۋەتتە خاتا، شۇنداقلا ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا مۇناسىپ يول بىلەن تاقابىل تۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا شەخسىيىتىدىكى ئاجىزلىقىدىن قېچىش ۋە كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىقتەك ئېغىر خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزى بىلەن يۈزلىشىشتىن قورققىدىغان كىشىلەردۇر. ئەسلىدە ھاياتقا توغرا يۈزلىنەلەيدىغان ئادەم چوقۇم ئۆزىدە ۋە ئەتراپىدا تىنچ مۇھىت ۋە خۇشال كەيپىيات يارىتالايدۇ. بىز ئىنسانلار ئەڭ يامان ئەھۋاللارنىمۇ كونترول قىلالايمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى ناچار شارائىتلارغا تەسلىم بولۇش ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتەلەيمىز. بىز دۇچ كەلگەن يامان ئەھۋاللار ھېچ قاچان يىمىرىلىشىمىزنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولالمايدۇ، بۇ پەقەت بىزنىڭ ئەھۋاللارنى ئويلاش ئۇسۇلىمىز. كىشىلەرنىڭ ئويلىغانلىرى ۋە تەپەككۇرلىرى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە دەرس بولالمايدۇ، بەلكى ھەقىقىي دەرس بۇ توغرىدا نېمە قىلىۋاتقانلىقىدۇر. خۇددى جۇلئۇس روسېنۋالد ئېيتقاندەك: «ھاياتلىق سىزگە ئاچچىق لىمون بەرگەندە سىز ئۇنىڭغا بىر ئاز شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشلىك لىمون سۈيى تەييارلاڭ».

ئاجىزلىقىڭىزغا تاقابىل تۇرۇش روھىڭىزنىڭ بولماسلىقى ئادەتتە روھىي كەيپىياتىڭىزنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىزنى بارا-بارا ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىق نۇقتىڭىزنى ھېس قىلمايدىغان، باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت بىر تاسادىپىيلىق ياكى ئۇلار ماڭا قارىغاندا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغانلىقتىن دەپ قارايدىغان، ئۆزىنى ئالداش خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىككە گىرىپتار قىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى قوغلىشىش ۋە ئەيىبلەشكە ئالدىرايدۇ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ خىل خاراكتېر باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بۇنى نورمال ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، كىشىنىڭ ئاجىزلىق پسىخىكىسى ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشى، ئۇنىڭ روھىيىتىدە ئاجىزلىق پەيدا قىلىدۇ. سىز ئېيتقاندەك، ئەگەر ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىقنى راستتىنلا يەڭمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىق ئىللەتلىرىنى لەنەتلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىڭ.

فلورىدا شىتاتىدا ياشايدىغان بىر دېھقان ئۆز رايونىدىكى يەر تەقسىماتى قانۇنى بويىچە بىر بۆلۈك يەر سېتىۋالغان. دېھقاننىڭ سېتىۋالغان يېرى ئەسلىدە تېرىقچىلىققا يارىمايتتى، دۇب دەرىخىدىن باشقا ئۆسۈملۈك ئۈنمەيتتى، زەھەرلىك يىلاندىن باشقىسى ياشىمايدىغان سازلىق يەر ئىدى. دېھقان يەرنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، چۈنكى ئۇ، بۇ يەر ئۈچۈن بىر مۇنچە پۇل تۆلىگەن، شۇڭا ئۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە نېمە قىلىشى كېرەك ئىدى؟

ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بۇنداق ئەھۋالغا سىز دۇچ كەلگەن بولسىڭىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟

دېھقان دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى ئۇ زەھەرلىك يىلاندىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۈمىدسىزلىكتىن ھەيرەتتە قالغان قولۇم-قوشنا ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا، ئۇ يىلان گۆشىنى كونسېرۋا قىلىشقا باشلىدى ۋە تەجرىبىخانا قۇرۇپ، يىلاندىن زەھەرلىك ماددىلارنى چىقىرىپ دورا زاۋۇتىغا سېتىپ بەردى. دورا زاۋۇتلىرى ئۇ زەھەرلىك ماددىلاردىن ئانتىبىئوتىك دورا ياساپ ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. بۇ دېھقان ئۆچۈن زور پايدا ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇ يەنە سازلىقتىكى يىلانلارنى سۈرەتكە تارتىپ كارتا باستۇرۇپ ئەتراپتىكى پۈتۈن دۇكان ۋە كىتابخانىلارغا تارقاتتى. بارا-بارا بۇ سازلىق يەر ساياھەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە كېلىپ زەھەرلىك يىلانلارنى كۆرۈپ كېتىدىغان ساياھەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، يىلدا ئاز دېگەندە يىگىرمە مىڭدىن ئوشۇق ساياھەتچى كېلىپ كېتىدىغان بولدى.

ھەرقانداق ئەخمەق ئادەممۇ ئۆزىنىڭ قول ئىلكىدىكى پايدىدىن نەپكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن، ئەمما مۇھىم بولغىنى مەغلۇبىيەتنى غالىپلىققا، ئاجىزلىقنى مۇكەممەللىككە ئايلاندۇرىدىغان، زىياندىن پايدا ئۈندۈرەلەيدىغان كىشىلەرنىلا ئەقىللىك كىشى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ئاللاھقا بولغان ئىمان يەنىلا كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەڭ كۆپ تېۋىنىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ ئىلتىجا قىلىدىغان بەدەل بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مەغلۇبىيەت، ئاجىزلىق، قايغۇ-ھەسرەت ياكى زىيان-زەخمەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاللاھقا بولغان ئىمانى بىلەن تەسەللى تاپىدۇ. بەزىلىرىمىز ئۆيلىغاندەك، دىن ئۇنداق ئاجىز-غۇرەبا ۋە بىلىمسىز-جاھىللارنىڭ سېغىنىدىغان پاناھگاھى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ پۈتۈن ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان ئۈمىد مەنبەسىدۇر.

خۇلاسە سۆزىمىز شۇكى، ئەگەر تاغ چوققىسىدىكى دەرەخ بولالمىسىڭىز جىلغىدىكى چاتقال بولۇڭ، ئەگەر چاتقال بولالمىسىڭىز، ھېچ بولمىسا يول بويىدىكى ئوت-چۆپ بولۇڭ، بۇمۇ يولۇچىلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ ۋە قەلبىنى يورۇتىدۇ، بۇنىڭدىن پەخىرلەنسىڭىز بولىدۇ.

شۇنى ئۇنۇتماڭكى، قاراڭغۇلۇقتىن زارلىغاندىن بىر تال شام يورۇتقان ئەۋزەل!

—— (بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھاپىز)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدىن ئۆگۈتلەر

ئەدھەم شەرقاۋى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات تەرجىمىسى

1. رەھمەت سىزگە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، قىسسىڭىزدىن شۇنى بىلدىمكى، بەزى ئىنسانلار كەمچىلىكلىرىمىزدىن ئەمەس، بەلكى ئارتۇقچىلىقىمىزدىن نەپرەتلىنىدىكەن. سىز كېلىشكەن ۋە ئاق كۆڭۈل زات بولغانلىقتىن، ئۇلارغا ئوخشىمىغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا، ئۇلار سىزنى ياقتۇرمىدى. ئىنسانلار ئۆز كەمچىلىكىنى ئەسلەتىدىغانلارنى خالىمايدىكەن.

2. زىيانكەشلىكنىڭ بەزىدە ئويلاپمۇ باقمىغان كىشىدىن كېلىدىغانلىقىنى، بۆرىدىن قۇتۇلغانلارنىڭمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئامان قالمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

3. ئاللاھ ئاتا قىلغان بارلىق ياخشىلىقلارنى باشقىلارغا ئېيتماسلىق كېرەكلىكىنى ئۆگەندىم. چۈنكى، كۆزى كىچىك، كۆڭۈل-كۆكسى تار كىشىلەر ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىدىن بەكرەك باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز تىكىدىكەن.

4. رەزىللەرنىڭ بەزىدە ياخشى نىيەتلىك نەسىھەت قىلغۇچى سىياقىغا كىرىۋالىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئىبلىس ئادەم ئاتىمىزغا: «ئى ئادەم، ساڭا مەن يېگەن ئادەم ئۆلمەيدىغان دەرەخنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟»[1] دېدى. قېرىنداشلىرىڭىز ئاتىڭىزغا: «بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز»، «ئۇنى بىز چوقۇم مۇھاپىزەت قىلىمىز»[2] دېگەنىدى.

[1] سۈرە تاھا: 120-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۇسۇف: 12-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

5. بەزى يامانلىقلارنىڭ باشقىلىرىغا قارىغاندا دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنرەك بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەر ياخشىلىقنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى بىلەن پەرقلەنگىنىدەك، رەزىللىكنىڭ ياكى ناچارلىق دەرىجىسىنى بىلەنمۇ پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئەڭ كىچىك قېرىندىشىڭىزنىڭ «يۈسۈپنى ئۆلتۈرمەڭلار»[1] دېگەن سۆزىنىڭ سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇشىڭىزغا سەۋەب بولغانلىقىنى بىلدىم.

6. كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقلىرىمنى تۇتقا قىلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئاجىزلىقلىرىمنىمۇ ئاشكارىلىماسلىق كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم. ئاتىڭىز: «ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن»[2] دېدى.. «قېرىنداشلىرىڭىز ئاتىڭىزغا سىزنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ»[3] دېدى.

7. جىنايەتنىڭ ھامان پاش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، جىنايەتچىلەرنىڭ شۇنچە پۇختا تۈزگەن پىلانلىرىدىمۇ، يەنىلا يوچۇقلارنىڭ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدىم. چۈنكى قېرىنداشلىرىڭىز كۆڭلىكىڭىزنى يىرتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. بۆرە يېگەن بالىنىڭ كۆينىكى قانداقسىگە يىرتىلماي ساق قالسۇن؟

8. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ شەيئىلەردە ئەمەس، بەلكى شۇ شەيئىلەرنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىمىزدا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. چۈنكى كۆڭلىكىڭىز بىر قېتىم يالغانچىلىققا ئىشلىتىلدى، بىر قېتىم گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىزگە دەلىل بولسا، يەنە بىر قېتىم دورا بولدى.

9. بۇ دۇنيانىڭ ئۇ قەدەر گۈزەل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، سىز ئازغىنا پۇلغا ئېلىپ سېتىلغان بۇ دۇنيانى قانداقمۇ گۈزەل دېگىلى بولسۇن؟

10. مەكتەپلەر، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە كىتابلارنىڭ پەقەت سەۋەب ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئىلىم ئۆگەتكۈچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق»[4]، «بىز ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە بىلىم بەردۇق»[5] دەيدۇ. يەنە ئاللاھنىڭ ئىلمىنى تەقۋالىق دەرىجىسىگە قاراپ بېرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدىم. «ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ

---

[1] سۈرە يۈسۈف 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە يۈسۈف - 13 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە يۈسۈف 17-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] سۈرە يۈسۈف 21-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[5] سۈرە يۈسۈف 22-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

(يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر».[1]

11. ئېسىل كىشىنىڭ خىيانەت قىلمايدىغانلىقىنى، ھۆر كىشىنىڭ ياخشىلىققا يامانلىق قىلمايدىغانلىقىنى، ئالىيجاناب ئادەمنىڭ سۇ ئىچكەن قۇدۇقنى بۇلغىمايدىغانلىقىنى بىلدىم. «ئاللاھ پاناھ بەرسۇن! ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر»[2] دېگەن سۆزىڭىز نېمە دېگەن گۈزەل ھە؟

12. ئاللاھ ساقلىغان كىشىنىڭلا خاتالىقتىن خالىي بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالا، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ئارزۇ ئارمانلىرىغا تاشلاپ قويغان كىشىنىڭ ھەقىقى سىناققا دۇچ كەلگەن كىشى ئىكەنلىكىنى، كىشى ئازادە ۋە باياشاتلىقتا ئاللاھنى ياد ئەتسە، قىيىن، مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

13. مەن خالمايدىغان بىر ئىشنى، دۇنيادىكى پۈتۈن ئادەملەرنىڭمۇ مېنى زورلاپ قىلدۇرالمايدىغانلىقىنى بىلۋالدىم. ئەھۋال ياكى شارائىتنى باھانە قىلىپ كۆرستىشنى توختاتتىم! چۈنكى ئەزىزنىڭ ئايالى سىزنىڭ خوجايىنىڭىز ئىدى. سىزگە ئىشكىلەر تاقالدى. گۈزەللىك، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە قىزىقىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدا بولسىمۇ، سىز خالىمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى تۇرالىدىڭىز.

14. ئەگەر ئاللا تائالا بىر نەرسىنى ئاشكارىلىماقچى بولسا، بارلىق كىشىلەر بىرلىشىپمۇ ئۇنى يوشۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

15. تۈرمىدە زۇلۇم قىلىنغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، بەزى كىشىلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى زۇلۇمنىڭ بۇرۇندىنلا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدىم.

16. ئىمان ھالاۋىتىنىڭ ھاياتتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ئىمانىڭىزنىڭ سىزگە تۈرمىدىكى ئاچچىق ئەلەملەرنى ئۇنتۇلدۇرغانلىقىنى، ئەگەر خىيانەت قىلغان بولسىڭىز، قەسىرلەرنىڭمۇ سىز ئۈچۈن تار بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

17. ھەممە يەردە دەۋەت قىلىشقا پۇرسەت بارلىقىنى، سارايدىكى قۇلنىڭ، تۈرمىدىكى مەھبۇسنىڭ، ھەتتا پادىشاھنىڭمۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ئاللاھقا دەۋەت قىلالايدىغانلىقىنى بىلدىم.

---

[1] سۈرە بەقەرە 282 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] سۈرە يۈسۈف 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

18. ئىسىل تەبىئەتلىك ئادەمنى ھېچقانداق ئورۇننىڭ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. سىز تۈرمىدىكى چاغدا «بىز سىېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز»[1] دېدى، پادىشاھلىق تەختىدىكى چېغىڭىزدا سىزدىن كەچۈرۈم سورىدى، چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى كۆردى.

19. ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرقانداق يامانلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئاسماندا ئاللاھقا قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق ئاسىيلىقنىڭمۇ ھەسەتتىن كېلىپ چىققانلىقىنى، شەيتاننىڭ ھەسەت سەۋەبىدىن ئادەمگە سەجدە قىلىشنى رەت قىلغانلىقىنى، زېمىندا ئاللاھقا قىلىنغان تۇنجى ئاسىيلىقنىڭمۇ ھەسەتتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدىم. قابىل قېرىندىشىنى ھەسەتتىن ئۆلتۈردى، سىزنىمۇ قېرىنداشلىرىڭىز ھەسەت قىلغانلىقتىن قۇدۇققا تاشلىدى.

20. پىتنە-پاسات ۋە چىرىكلىكنىڭ كىرىم مەنبەسىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدىم. سىز مىسىر خەلقىنى قەھەتچىلىكتىن ئۇلارغا يېڭى كىرىم مەنبەسى پەيدا قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى بار مەنبەنى يېڭىچە ئۇسۇلدا ئىدارە قىلىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز.

21. دۇنيانىڭ ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن جەڭ مەيدانى ئىكەنلىكىنى، بۇ جەڭنىڭ قىيامەتكىچە توختاپ قالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئەسكەرلەرنىڭلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، سىزنىڭ ئەزىزنىڭ ئايالى بىلەن بولغان كۆرىشىڭىزنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى ئىپپەت ۋە شەھۋەت كۆرىشى ئىكەنلىكىنى، قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن بولغان كۆرىشىڭىزنىڭمۇ ھەرقايسى دەۋردىكى دوستلۇق ۋە نەپرەت كۆرىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

22. پىلانلاش ۋە باشقۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، پىلان ۋە تەدبىرسىز ھېچقانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. چۈنكى قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ پىلانى ۋە ئۆلچىمى بار ئىدى، قېرىندىشىڭىزنى يېنىڭىزدا ئېلىپ قېلىشتىمۇ پىلان ۋە تەدبىر بار ئىدى.

23. ئاللاھنىڭ ھەمىشە جەڭگە ھېچكىم ئويلاپ يېتەلمەيدىغان جەڭ قورالى تاللايدىغانلىقىنى بىلدىم. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، تۈرمىدىكى چېغىڭىزدا، تۈرمە تېمىنى ئۆرۈپ سىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان پەرىشتە ئەۋەتەلەيتتى، لېكىن، ئاللاھ پادىشاھقا بىر چۈش ئەۋەتىشنى تاللىدى.

---

[1] سۈرە يۇسۇف 36-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

24. مەنسەپنىڭ شەرەپ ئەمەس، تەكلىپ ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرنىڭ خەزىنىسىگە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلغانلىقىڭىزنى بىلدىم. ئەگەر ئۆزىڭىزدىنمۇ ئىقتىدارلىق بىرىنى بىلگەن بولسىڭىز، ئۇ مەنسەپنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتىڭىز.

25. مۇھەببەتنىڭ پەقەت بىر-بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلەرلا ھېدىنى پۇرالايدىغان ئۆزگىچە پۇراق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇڭا دادىڭىز كۆڭلىكىڭىز ئۇنىڭغا يېتىشتىن بۇرۇنلا، سىزنىڭ ھېدىڭىزنى ئالغانىدى.

26. باللار ئارىسىدىكى ئادىللىقنىڭ تەلەپ ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى، ئاتا-ئانىلار ھېس قىلماستىنلا باللارنىڭ قەلبىدە بىر-بىرىگە ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئاللاھ سىزنى دادىڭىزغا باشقا قېرىنداشلىرىڭىزدىن بەكراق ياخشى كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدىم. بىر بالىنى يەنە بىر بالىدىن بەكرەك ياخشى كۆرگەنلىكىمىزنى قەلبىمىزدە ساقلىشىمىز، ئالدىراپ باشقىلار ئالدىدا ئىپادىلىمەسلىكىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگەندىم.

27. غەم-قايغۇلىرىمنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئېيتماسلىقنى بىلىۋالدىم. چۈنكى كىشىلەر يا دوستۇم بولىدۇ ياكى دۈشمىنىم، دوستۇم بىئارام بولىدۇ، دۈشمىنىم خۇرسەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا دەردىمگە داۋا بولالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن دەردىمنى ھەممىگە قادىر ئاللاھقىلا ئېيتمايمەن؟

28. قىسسىڭىزدىن دوستلۇقنى قوغداش ئۈچۈن بىلمەس بولۇۋېلىشنى، مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن چۈشەنمىگەندەك بولۇۋېلىشنى ئۆگەندىم.

قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ سىزگە قىلغان يامانلىقلىرىنى، ئاشكارىلاشقا قادىر تۇرۇپ ئاشكارىلىمىدىڭىز. ئالىيجاناپ كىشى بىلمەسكە سالىدۇ. بىلمەسكە سېلىش، يېتەكچىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

—— (بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئىلىم ئىشقىدىن ئۆزىمىزگە نەزەر

مۇھەممەد ئىمىن بىشارەت

ئەبەسە سۈرىسى نامازلاردا كۆپ ئوقۇلسىمۇ، بىز تەپەككۇر قىلماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۈرىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ سۈرە مەككىدە ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان، مەدىنىگە دىنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن دەسلەپ ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە نازىل بولغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس بولۇپ، ساھابىلەر ئارىسىدا ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم دەپ ئانىسىغا مەنسۇپ قىلىنىپ تونۇلغان ئىدى. ئۇ ئەما بولسىمۇ ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ۋە خۇشئاۋاز كىشى ئىدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كاتىۋاشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. ناۋادا ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرمۇ ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ يېغىندىن بىخلىنىۋاتقان ئىسلامىي دەۋەت ئۈچۈن قالتىس ياخشى ئىش بولغان بولاتتى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم سورۇنغا يېتىپ كەلدى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويسىلا! ئاللاھ بىلدۈرگەن ئىلىمدىن ماڭىمۇ بىلدۈرۈپ قويسىلا، ـ دېدى.

لېكىن قىزغىن كېتىۋاتقان سۆھبەت سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ گېپى ئېتىبارسىز قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىلىم تەشنالىقىدا يەنە ئوخشاش سۆزنى تەكرارلىدى:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا قۇرئان ئۆگىتىپ قويسىلا! ئاللاھ سىلىگە بىلدۈرگەن ئىلىمدىن ماڭىمۇ بىلدۈرۈپ قويغان بولسىلا!

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالغان بۇ سۆھبەتنى كىسىپ قويغان ئەما كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن خىلىلا رەنجىپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چىرايىنى كۆرەلمەيتتى. ئەمما يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان بىر قۇدرەتلىك زات ـ ئاللاھ بار ئىدى.

ئىلىم ئۆگىنىش تەكلىپى ئېتىبارغا ئېلىنماي قالغان بۇ بىچارە ئەما ساھابىنىڭ قۇرئان سۆيگۈسى ۋە چىن ساداقىتى مەرھەمەتلىك جانابى ئاللاھقا ياراپ قالدى،ـ دە، ئۇنىڭغا دەرھال ئىنايەت كۆرسىتىشنى خالاپ، شۇ ھامان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى قىيامەتكە قەدەر باقى قالىدىغان مۇنۇ ئايەتلەر بىلەن ئەۋەتتى.

«يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن) گۇناھلىرىدىن پاكلىنىشى مۇمكىن ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۆزىنى ئىماندىن بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن. (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن) ئۇ كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى ئىدى؟ سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھدىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن، (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن! بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر، خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ».[1]

بۇ ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى كۆرسە،ـ ئۇنىڭ ھەققىدە رەببىم ماڭا تاپا ـ تەنە قىلغان كىشىگە مەرھابا،ـ دېگىنىچە خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مۇبارەك تونىنى يېيىپ بېرەتتى.

ئابدۇللاھنىڭ قۇرئانغا بولغان مۇھەببىتى ئاجايىپ كۈچلۈك ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ قۇرئان كەرىمنى يادلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگەندى. ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان نۇرغۇن ھەدىسلىرى بار. ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ئولتۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. مۇسۇلمانلار جىھادقا چىقىپ كەتكەن مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا قۇرئان كەرىم ئۆگىتىپ قوياتتى. ئۇ قۇرئاننى ناھايىتى گۈزەل ئوقۇيتتى. ئۇ ئىسلامنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناماز چاقىرىقى ھېسابلىنىدىغان مۇبارەك ئەزاننى ئىسلامدىكى تۇنجى مۇئەززىن بىلاللغا

---

[1] ئەبەسە سۈرىسى: 12 ـ 1 ئايەتلەر

يارەدەملىشىپ ئوقۇش شەرىپىگە نائىل بولدى. تارىخ ئالىملىرىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، قىيامەتكە قەدەر باقى قالىدىغان مۇقەددەس كىتاب قۇرئاندا ھېكايىسى خاتىرىلەنگەن بۇ مۇبارەك ساھابىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن جىھادقا چىقىپ كەتكەندە ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىھاتتىن قېلىپ قالغانلار، ياشانغانلار، مېيىپلار، ئايال ـ بالىلار قاتارلىق شەھەر ئاھالىلىرىگە ئون ئۈچ قېتىم ئۆزىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تەيىنلەپ قويغان ئىدى.

ھىجرەتنىڭ ئون تۆتىنچى يىلى خەلىپە ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تارىختىكى مەشھۇر پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇن توپلىدى. جىھاد ئۈچۈن تەييار بولغانلارنىڭ ئىچىدە ياشىنىپ قالغان، كۆزى كۆرمەس بولسىمۇ، لېكىن مەردانە قىياپەتتە سەپكە تىزىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتىپ ئۇلارغا ئىلھام بەخش ئەتكەن ئىدى. ئۇ تارىختا قادىسىيە ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان بۇ مۇبارەك ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن كىسرا شاھ مەملىكىتى ـ ئىرانغا قاراپ يول ئالدى.

ئۇ جىھاد مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا، ساۋۇتىنى كىيدى ـ دە، جىھاد بايرىقىنى كۆتۈرگىنىچە سەپ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ شاھادەت شەربىتىنى ئىچىشى بىلەن ئىسلام بۈيۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. شەھىتلەر ئارىسىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم، ئىسلام بايرىقىنى چىڭ تۇتقان ھالدا قانغا بويالغان پېتى كۈلۈمسىرەپ ياتماقتا ئىدى.

دېمەك ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىلمگە، ھىدايەتكە بولغان ئاشنالىقى بىلەن قۇرئان كەرىمدە مەخسۇس تىلغا ئېلىنىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى بولۇش، قارىيلىق، دەۋەتچىلىك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقىتلىق ۋەكىلى بولۇش ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئارزۇ قىلىدىغان شاھادەت مەرتىۋىسىگە نائىل بولۇشتىن ئىبارەت ئالىي ماقام، يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەنىدى.

ئەنە قاراڭ! كېچە زۇلمەتلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، يېڭى بىر كۈننىڭ باشلىنىشىدىن ئەزان ساداسى ئارقىلىق سىگنال بېرىدىغان ئىسلام مۇئەززىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا...

ئۇ يېشىنىڭ چوڭلۇقى، كۆزىنىڭ ئەمالىقىغا قارىماستىن، ئىلىمگە ئاشىق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق سۆھبەتلىرىنى لازىم تۇتقان ھالدا، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇنلىغان ساھابىلىرى، ھەتتا ئوتتۇرا ياش مەزگىلىدە مۇسۇلمان بولغانلار ئىسلام بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدىن باشلاپلا، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوتقا ئاشىق بولغان پەرۋانىدەك ئىلىمگە ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى.

يېشىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي ئىلىم ئۆگىنىپ تارىخ ياراتقان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار

ئۈچۈن ئۆچمەس تارىخى تۆھپىلەرنى قوشقان نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىز بار بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ ھەر دائىم ئۆلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق تەخمىنەن 70 كە يېقىن «ئەسهابۇسسۇففە» دەپ ئاتالغان ساھابىلەر ئۆزىنى ئىلىم ۋە ئىبادەتكە بېغىشلاپ مەسجىدنىڭ سۇپىسىدا يېتىپ قوپاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىدىغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەردىن بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 40 يېشىدا ۋەھيى نازىل بولغان مۇبارەك كۈندىن باشلاپلا، نازىل بولغان ھەربىر ئايەتنى ئۆگەندى، يادلىدى ۋە كېيىنچە نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلدى. پەيغەمبەر سۆيگۈسى، ئىلىم مۇھەببىتى ۋە چىن ساداقىتى تۈپەيلىدىن ئۇممەتنىڭ ئالىمى ۋە ئەڭ ئەۋزەل خەلىپىسىگە ئايلاندى.

ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئوتتۇز ياشلاردا مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى ئىلىم ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقان تەربىيىسى ئاستىدا ئىسلام ھامىسى، ھەققەت شەمشىرى ۋە ئىككىنچى خەلىفىگە ئايلاندى.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابباس، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىق ساھابىلەرمۇ ئەنە شۇنداق يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا قارىماي بىلىم ئۆگىنىپ ئىسلام ئۈممىتىگە رەھبەرلىك قىلغان ۋە كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان ساھابىلەر ئىدى .

ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر شافىئى مەزھەپ پېشۋاسى، بۈيۈك ئالىم ئىمام ئەبۇ بەكرى قەففال، ئەسلىدە ئۇستا قۇلۇپچى بولۇپ، قۇلۇپچىلىق ھۈنىرىدە ۋايىغا يەتكەن ھۈنەرۋەن ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىرىغا كەلگەندە ئۆزىدىكى ئەقىل-پاراسەتنى بىھۇدە زايە قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دىنى ئىلىمگە جۈملىدىن فىقھى ئىلىمگە ئۆزىنى بېغىشلاپ ئوقۇپ، ئاخىرى دۇنيادا بارماق بىلەن سانىلىدىغان مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ قالغان، شۇنداقلا خوراسان دىيارىدا نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى، پىقھشۇناسلارنى يېتىشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئالىمغا ئايلانغاندى. ئۇ يازغان چوڭ ھەجىملىك تەپسىردىن باشقا، ھەدىس، فىقھى، ئۇسۇل فىقھى قاتارلىق تۈرلۈك پەنلەر ھەققىدە يازغان بىباھا كىتابلىرى ئۇنىڭ نەقەدەر كاتتا ئالىم ئىكەنلىكىگە شاھىد بولۇپ، ئىسلام كۇتۇپخانىلىرىنىڭ پەخرى زىننىتى سۈپىتىدە ھېلىھەم كۆزلەرنى قاماشتۇرماقتا.

ئەبرۇد بىلەن سەرەخس شەھىرى ئارىسىدا يول توسۇپ، قاراقچىلىق قىلىدىغان، ئىسمىنى ئاڭلىغانكىشىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ تاشلايدىغان فۇزەيل ئىبنى ئىياز تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، ئىلىم-بىلىمگە، ئىبادەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئاخىرىدا شەيخۇلئىسلام ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن مەشھۇر تۆھپىكار ئالىمغا ئايلانغان بولۇپ، ئىسلامى كىتابلاردا ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى پات-پاتلا ئۇچرىتىپ تۇرالايسىز.

دۇنياغا مەشھۇر ئالىم ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام نامراتلىق سەۋەبىدىن كىچىكىدە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، چوڭ بولغاندا ئىلىمگە قىزىقتۇرغان دەمەشىق مەسجىدىدىكى بىر چۈش سەۋەبلىك، ئىلىمگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئاللاھ ئۇنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا تاكى قىيامەتكە قەدەر مەنپەئەتلىك ئالىملاردىن قىلدى. شۇنداقلا ئۇ ھەر قايسى ئىسلام ئىلىملىرىدە كامالەتكە يېتىپ، «ئۆلىمالارنىڭ سۇلتانى» دەپ ئاتالدى. ئۇ ئىسلام ئۈممىتىگە ئۇن سەككىزدىن ئارتۇق داڭلىق ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسىملىق كىتابلارمۇ بار ئىدى.

مەشھۇر تارىخ ئالىمى ياقۇت ھەمەۋىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ياۋروپادىكى پارلاق ئىسلام ئىلىم ـ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان ئەندولۇس (بۈگۈنكى ئىسپانىيە) دە، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ بىلىمىنىڭ بىپايانلىقى ۋە نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن داڭ چىقارغان بۈيۈك ئالىم ئىبنى ھەزم ئەسلىدە ۋەزىر ئائىلىسىدىن بولۇپ، شاھانە سارايىدا راھەت ـ پاراغەتتە ياشايتتى. ئۇ يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەندە مەلۇم بىر جىنازا نامىزىغا بېرىپ، مەسجىدتە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغان، قايسى ۋاقىتتا چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ئادەتتىكى بىر ئادەم ئالدىدا ئۇياتقا قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتىپلا ۋەزىرلىك مەنسىپىدىن ۋاز كېچىپ، ئىلىم يولىغا كىرىپ مەشھۇر تەپسىرشۇناس ئىمام تەبەرىدىن قالسىلا ئەڭ كۆپ كىتاب يازغان، مول ھوسۇللۇق، بارماق بىلەن سانىلىدىغان مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ قالغانىدى.

ئەرەب تىلى ساھەسىدىكى تەڭداشسىز ئالىملاردىن كىسائى ئۆز زامانىسىدىكى ئىلىم پېشۋاسى ھاپىز ئەبۇ ئەھمەت بۇخارى، مەشھۇر مىسىر قازىسى ھارىس ئىبنى مىسكىن قاتارلىقلارمۇ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشىغا قارىماي، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان، تۈگىمەس شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن ئالىملاردۇر.

بۇ ھەقتە ئەرەب، ئىنگلىز ھەتتا ئۇيغۇر ئالىملىرىدىنمۇ ناھايىتى كۆپ نەمۇنىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئىلىم ئۆگىنىشتە ياشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچەم بولالمايدىغانلىقىنى، ئىنسانىنىڭ يۈكسەك ھىممىتى، سۇنماس غەيرىتى بولسىلا ھەر ۋاقىت ئىلىم ئۆگىنەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت روشەن ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا، ياۋروپا ھەتتا كۆپ قىسىم ئەرەبلەردىلا ئەمەس، بىز ياشاۋاتقان تۈركىيەدىمۇ مەكتەپ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرۋازىسى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، يەرلىك ـ چەتئەللىك ھەممە ئادەمگە كەڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەر كىشىنىڭ ئىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچىشىگە ئەركىن شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن. نۆۋەتتە ئىستانبۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرئان كەرىم ۋە شەرىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ئىلىمسۆيەر، دىنسۆيەر مۇسۇلمانلىرىمىز بار بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇلار ناھايىتى چەتكە قېقىلىدىغان، كەمسىتىلىدىغان، ئۇلار ھەققىدە ھەتتا ھاقارەتلىك سۆزلەر قىلىنىدىغان نورمالسىز ئەھۋاللار بايقالماقتا. ئۇلار ئىقتىسادى، ئىجتىمائى جەھەتلەردە قوللاش ۋە قەدىرلىنىشنىڭ ئورنىغا قىممىتى يەرگە ئۇرۇلماقتا. شۇنى بىلىش كېرەككى،

ئالىملىرىنى قەدىرلىمىگەن ۋە كەلگۈسى ئۆلىمالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن مىللەت مەڭگۈ روناق تاپالمايدۇ.

ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش تەشەببۇسى ئىلگىرى سۈرۈلسىمۇ، ئەمما ھەممىگە ئايانكى، جەمىيەتتىكى پاساتچىلىق، ئاياللار پىتنىسى، ئەقىدە ھەم ئىدىيە ـ پىكىر بۇزغۇنچىلىقى، ئەخلاقى يىمىرىلىش، تۈرلۈك مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى قاتارلىق ئۈيغۇر ئەۋلادلىرىغا سەلدەك ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاپەتلەردىن ئۇلارنى ۋە ئومۇمى مۇسۇلمانلارنى ساقلاپ قېلىش، مىللىتىمىزنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى دىنى ۋە مىللى ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئوقۇش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئەيىن بولغان مۇھىم ئەقىدە بىلىملىرى، ئاز دېگەندە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيالىغۇدەك بولسىمۇ قۇرئان ۋە تەجۋىد، قىز ـ ئاياللار ئۈچۈن ھەيز ـ نىفاس ئەھكاملىرى قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھېچ بىر زاماندا پەرزلىكتىن قالمايدىغان ئىلىملەردۇر. ھەربىر تىجارەتچىنىڭ، ھۈنەرۋەننىڭ ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا شەرئىيتىنىڭ نېمىلەرنى ھالال، نېمىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى ئۆگىنىۋېلىشى پەرز بولىدۇ.

قىسقىسى، مۇسۇلمان ئەر ـ ئايال ھاياتىنىڭ ھەر خىل سەھنىلىرىدە ئىلىمگە ھەر ۋاقىت موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايال ئۈچۈن پەرزدۇر»[1]. ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ئىلىمگە يېمەك ـ ئىچمەكتىنمۇ ھەتتا تىنىۋاتقان نەپەسلىرىدىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىقتۇر».

مەن تۇغقان مۇسۇلمانلىرى ياشايدىغان شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ياشانغان تۇغقان مۇسۇلمان بوۋاي ـ مومايلىرىنىڭ قۇرئان ۋە باشقا مۇھىم دىنى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئېچىلغان كۇرسلارغا توپ ـ توپ بولۇپ كېتىپ بارغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ، ـ ھەي، قاچانمۇ بىزنىڭ خەلق مۇشۇنداق ئىلىم ـ بىلىمگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولار؟ ـ دەپ ھەسرەت چەككىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بىزدىكى مۇسۇلمانلار يىگىرمە ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا «ئەمدى ئۆگىنەلمەيمەن، تىلىم قېتىپ قالدى، بىلىم ھېرىپ قالدى، ئېسىمدە تۇتالمايمەن، كاللام پىقىراپ قالدى، پۈتۈم سىقراپ قالدى» دەپ ئىلىم ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىدۇ. ئوتتۇز ـ قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغانلار بولسا ئىلىم ئۆگىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كىتاب ئوقۇشنىمۇ ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كوچىلاردا، دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا، ئاشخانا، چايخانىلاردا بىكارچىلىقتىن ۋاقتنى ئۆتكۈزۈپ بولالماي، توپ ـ توپ بولۇپ پاراڭلىشىۋاتقان، سورۇن قىزىتىۋاتقان كىشىلەرنى ھەر ۋاقىت ئۇچرىتىپ تۇرالايمىز.

—— (بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم دۆلەت)

[1] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانى «سەھىھۇلجامئ»ناملىق ئەسىرىدە «سەھىھ» دېگەن.

كورونا رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بۈگۈن كورونا ۋىرۇسى (كوۋىد19) دەپ ئاتىلىدىغان ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئاپەت پۈتكۈل دۇنيانى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. دۇنيا نوپۇسىنىڭ يېرىمى ئۆيلىرىدىن تالاغا چىقالمايدۇ، دۆلەتلەر چېگرالىرىنى تاقىدى، دۆلەت ئىچىدە شەھەرلەرگە كىرىش-چىقىش توسۇۋېتىلدى. ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق قاتناشلىرى توختىدى، مەكتەپلەر، زاۋۇت-فابرىكىلار ھەممىسى تاقالدى، يىغىپ ئىبادەتخانىلاردا ئىنسانلار توپلىشىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى تاقالدى، ئىشلەپ-چىقىرىش توختىدى. شۇنىڭلىق بىلەن بۇ كۆرۈنمەس بالا تېز سۈرئەتتە تارقىلىۋاتىدۇ. دۇنيا مىقياسىدا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىنسانغا يۇقۇپ، دوختۇرخانىلارغا تىقىۋەتتى. يۈز مىڭلىغان ئادەمنى جىنىدىن جۇدا قىلدى ۋە جان ئېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ساراسىمىگە سالدى. ھەر قايسى دۆلەتلەر بۇ ۋىرۇسنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېسەل بايقالغان رايونلارنى كارانتىنغا ئېلىش، ساغلام كىشىلەرنىڭمۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، كوچىغا چىقماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش چارىلىرىنى قوللىنىۋاتىدۇ. دۇنيادا كورونا ۋىرۇسى ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان پۈتۈن مۇتەخەسسىس دوختۇرلار: بۇ ۋىرۇسقا يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ۋىرۇسقا يۇقۇملانغانلارغا يېقىن كەلمەسلىك، شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ئىكەنلىكىدە بىرلىشىدۇ.

مانا بۇ يەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆجىزىسى نامايان بولىدۇ. چۈنكى سەھىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئەمدىلىكتە بىلىپ يەتكەن بۇ چارىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 1400 يىل بۇرۇن ئۆگەتكەن.

بۇ ھەقتە ئامېرىكىدا چىقىدىغان نيۇز ۋىك گېزىتىدە 2020-يىل 17-مارت

كۆنى «مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىمان بىلەن ئەقىلنى تەكىپۇئلاشتۇردى» دېگەن تېمىدا بىر ماقالا ئېلان قىلىندى.

ماقالىنىڭ ئاپتورى ئامېرىكا گوروچ ئۇنىۋېرسىتېتى (Rice Üniversitesi) جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى پروفېسسورى خرىستىئان دوكتور كرەيج كونسىدىن (Dr. Craig Considine) دۇر[1].

ئاپتور ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىممۇنىتېت مۇتەخەسسىسى دوكتور ئانتونىي فاۋچى ۋە تىببىي مۇخبىر دوكتور سانجاي گۇپتاغا ئوخشاش مۇتەخەسسىسلەر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياخشى تازىلىق، كارانتىن ۋە باشقىلاردىن ئايرىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈنۈملۈك قورال ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يەنە كىمنىڭ ياخشى تازىلىق ۋە كارانتىن قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد 1300 يىل (ھىجرى تەقۋىم بويىچە 1400 يىل) ئىلگىرى بۇنى تەۋسىيە قىلغان. ھالبۇكى ئۇ بۇنداق ئەجەللىك كېسەللىكلەر مەسىلىسىدە ھەرگىزمۇ مۇتەخەسسىس ئەمەس ئىدى. مۇھەممەدنىڭ COVID-19 غا ئوخشاش تېز تارقايدىغان كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك كۆرسەتمىلىرى بار».

دوكتور كرەيگ كونسىدىن ماقالىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئۆرنەكلەر بەرگەن. بۇ ماقالىدا مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان ئىككى نۇقتا بار:

1- نۇقتا: ماقالىنىڭ تېمىسى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىمان بىلەن ئەقىلنى تەكىپۇئلاشتۇردى».

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: دۇنيادا بولۇۋاتقان ياخشى-يامان ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىشمۇ ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش كېرەك. بۇ ئىمان. ئاللاھ تائالا ئۆزىمىزنى ھەر تۈرلۈك بالا-ئاپەتلەردىن، كېسەللىكلەردىن قانداق قوغدىنىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ ئۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىزگە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى قىلىش ئەقىلنى ئىشلىتەتكەنلىك. ئەڭ مۇھىمى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئىشىنىش بىلەن ئەقىلنى ئىشلىتىپ سەۋەبلەرنى قىلىشقا ئۈندەيتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئالدى بىلەن تۆگىڭىزنى باغلاڭ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭ» دېگەن.[2]

[1] ئىنگىلىزچە بىلىدىغانلار مۇنۇ ئادرىستىن ماقالىنىڭ ئەسلىنى كۆرەلەيدۇ.
... newsweek. com/prophet-prayer-muhammad-covid-19-coronavirus-1492798?amp=1

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

يەنى بىز قولىمىزدىن كېلىدىغان بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى ۋە سەۋەبلەرنى نۇقسانسىز قىلىشىمىز، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشىمىز ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ، بىزنى ساقلىشىنى سوراپ دۇئا قىلىشىمىز كېرەك. بىز مانا مۇشۇ ئىككى قانات بىلەن بەخت-سائادەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلالايمىز، ھەر تۈرلۈك خېيىم-خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالالايمىز ۋە ئالغا باسالايمىز. بۇ ئىككى قاناتنىڭ بىرىدىن ئايرىلىپ قالساق، ھېچقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز.

2- نۇقتا ئاپتورنىڭ: «ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد (يۇقۇملۇق كېسەللەردىن ساقلىنىش چارىلىرىنى) 1300 يىل (ھىجرى تەقۋىمى بويىچە 1400 يىل) ئىلگىرى تەۋسىيە قىلغان. ھالبۇكى ئۇ بۇنداق ئەجەللىك كېسەللىكلەر مەسىلىسىدە ھەرگىزمۇ «ئەنئەنىۋى» مۇتەخەسسىس ئەمەس ئىدى» دېگەن سۆزى.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: بۈگۈن ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كورونا ۋىرۇسىغا ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەللەرنى داۋالاش ۋە بۇ كېسەلنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنىڭ كېسەللەرنى كارانتىنغا ئېلىش، ساق كىشىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشىنى مەنئى قىلىش ۋە كۈندە بىر نەچچە قېتىم قولىنى، يۈزىنى يۇيۇش ئىكەنلىكىنى دۇنيادىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسلىرى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىسى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ چارىنى بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن تەۋسىيە قىلغان. ھالبۇكى ئۇ بۇنداق كېسەللەرنى داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن ياكى بۇنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تەجرىبە قىلغان مۇتەخەسسىس دوختۇر ئەمەس ئىدى.

ئۇنداقتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلدىن ساقلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلغان تەۋسىيەلىرىنى بىر كۆرۈپ باقايلى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر يەردە ۋابانىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلار؛ ئەگەر ۋابا سىلەر تۇرغان بىر جايدا تارقالسا، ئۇ يەردىن قېچىپ چىقماڭلار»[1].

يەنە مۇنداق دېگەن: «يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ساغلام كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك» دېدى[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تائۇن (ۋابا) ھەققىدە سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ مۇنداق دېگەن: «تائۇن ئاللاھنىڭ ئازابى بولۇپ، ئۇنى خالىغان كىشىگە ئەۋەتىدۇ. ئاللاھ ئۇنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت قىلدى. تائۇن كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى ئاللاھ يازمىغان نەرسىنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن، سەۋر قىلىپ، ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا شەھەرىدە ئولتۇرسا، ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ»[1].

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «تائۇن كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى ئاللاھ يازمىغان نەرسىنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن، سەۋر قىلىپ، ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا شەھەرىدە ئولتۇرسا، ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ»[2].

ئىبنى ھەجەر «بۇ ھەدىسنىڭ تېكىستى مەزكۇر كىشى ۋابا كېسەلىدىن ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ» دېگەن[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئىنسانلارنى يۇقۇملىنىشتىن ساقلايدىغان تازىلىق ئادىتىدە چىڭ تۇرۇشقا كۈچلۈك ئىلھاملاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى مۇبارەك سۆزلىرىنى ئوبدان ئويلىنىڭ:

«پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[4].

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇيقىدىن ئويغانغاندىن كېيىن قوللىرىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغۇچىلىك قاچىغا تىقمىسۇن؛ چۈنكى ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا قوللىرىنىڭ قەيەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ»[5].

«تاماقنىڭ بەرىكىتى تاماقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قول يۇيۇشتا»[6].

يەنە دوختۇرلار ئۇزۇن مۇددەتلىك تەتقىقات نەتىجىسىدە كورونا ۋىرۇسىنىڭ قول ئارقىلىق كۆز، بۇرۇن ۋە ئېغىز يولى بىلەن يۇقىدىغانلىقىنى؛ يۇققاندىن كېيىنمۇ مەزكۇر ئورۇنلاردا تۆت سائەت تۇرىدىغانلىقىنى، ئەگەر تۆت سائەت ئىچىدە مەزكۇر ئورۇنلارنى تازىلاپ بەرسە ۋىرۇسنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى. بۇخىل تازىلىقنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بىر كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشنى، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشنى بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، ئىككى قولنى ئۈچ قېتىم يۇيۇشنى ۋە قولنى يۇغاندا، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاپ يۇيۇشنى، ئاغزىنى سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم

[1] بۇخارى رىۋايىتى (3474).

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان (26139) سەھىھ ھەدىس.

[3] فەتھۇلبارى 194/10.

[4] مۇسلىم رىۋايىتى.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[6] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئەھمەد ۋە باشقا ھەدىس ئىماملىرى رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ سەنەدى زەئىپ، مەنىسى سەھىھ ۋە تازىلىق ئىماننىڭ يېرىمى دېگەن سەھىھ ھەدىسقا ئۇيغۇندۇر.

غىرغەر قىلىشنى، بۇرنىنى ئۇچ قېتىم سۇ بىلەن مەزمەزە قىلىپ تازىلاشنى ئۆگەتكەن. بىز مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق تاھارەت ئالىمىز.

بۇ يەردە دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا، يۇقىرىدا دوختۇرلارنىڭ ۋىرۇس كۆز، بۇرۇن ۋە ئېغىز قاتارلىق ئورگانلارنىڭ قايسى بىرىگە يۇقسا، شۇ يەردە تۆت سائەت تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتۇق. بۇنىڭغا ئاساسەن بەش نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنىڭمۇ چوڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىغا قارىساق، بامدات بىلەن پېشىنىنىڭ ئارىسى تۆت سائەتتىن كۆپ ئىكەن، قالغان نامازلارنىڭ ئارىسى تۆت سائەتتىن ئاز ئىكەن. بۇنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇشنى سۈننەت قىلىش بىلەن ھەل قىلغان. چاشگاھ نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن چىقىپ دۇنيانى تولۇق يورۇتقاندىن باشلاپ پېشىن ۋاقتى كىرگۈچىلىك ئارىلىقتۇر. مەسىلەن: ھازىرقى ۋاقىتتا ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كېيىن چاشگاھ نامىزى ئوقۇغان كىشى، بامدات بىلەن پېشىنىنىڭ ئارىسىنى تۆت سائەتتىن ئازغا چۈشۈرىدۇ.

بۇ يەردە بەزى سوئاللار كېلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن، بۇنداق ۋابانىڭ تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىنسانلارنى ئۇنىڭ خەتىرىدىن قوغداشنىڭ چارىسىنى قەيەردىن بىلگەن؟ بۇ سوئالنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇنى ئاللاھ بىلدۈرگەن، دېيىشتىن باشقا جاۋابى يوق. دېمەك، كورونا ۋىرۇسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىلھام قىلغان ۋەھيى ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل دۇنياغا نامايان قىلدى. «(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»[1].

ئەگەر بىراۋ كېسەل بولۇپ قالسا قانداق قىلىشى كېرەك؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىق تارتىۋاتقان ساھابىلىرىگە قانداق نەسىھەتلەرنى قىلاتتى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم كىشىلەرنى داۋالىنىشقا ۋە دورا ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھ تائالا دورىسى يوق ھېچقانداق كېسەل چۈشۈرمىدى»[2].

ئاللاھ تائالا بىزگە ئاقىلىق بولۇشنى، ئىسلامنى توغرا چۈشىنىشنى ۋە ئەقلىمىزنى توغرا ئىشلىتىشنى نېسىپ قىلسۇن. ئاللاھ تائالا بىزلەرنى، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى بۇ ۋابا بالاسىدىن قۇتۇلدۇرسۇن. ئامىن.

—— (بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ)

[1] سۈرە نەجم: 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

خاتىرەمدىكى ئۇنتۇلماس سىيمالار

ئابدۇللا روزىمۇھەممەد

(بىر قانچە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ئىسمائىل ھاجى بىلەن سۆھبەت)

ئىلاۋە:

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خىتاي مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە، مۇستەملىكىگە قارشى كۆپ بەدەللەر تۆلەندى، بۇ جەرياندا ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان نۇرغۇن قەھرىمانلار، يېتەكچىلەر، ئۆلىما ۋە مۇنەۋۋەر ئوغلانلار مەيدانغا كېلىپ خەلقىمىز ئۈچۈن ئەمەلىي ئۈلگە ياراتتى. خەلقىمىز ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرلەپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىدى ۋە ئۆگىنىپ كەلمەكتە.

ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن بۇ ئوغلانلار ھەققىدە ئەسەرلەر يېزىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئابىدىسى تىكلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار تېخى تولۇق قەلەمگە ئېلىنىپ بولغىنى يوق. بۇ ھەقتىكى بەزى نۇقتىلار تېخىچە ئايدىڭ ئەمەس.

كۈنىمىزدىكى ئۇلار بىلەن زاماندىش بەزى پېشقەدەملەرنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى، خاتىرىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئەسلىمىلىرىنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشى بۇ ھەقتە ئىشلىنىدىغان زۆرۈر خىزمەتلەردىندۇر.

پېقىر بۇ مەقسەتتە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان مويسىپىتلىرىمىزدىن ئىسمائىل ھاجى ئاكا

بىلەن ئۇنىڭ بىر قانچە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردىم ۋە بۇ سۆھبەتنى قەلەمگە ئالدىم.

بۇ سۆھبەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋەتەن ئوغلانلىرى ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەرگە، تەتقىقاتچىلارغا، جۈملىدىن كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئازراق بولسىمۇ ئۇچۇر بېرەلەيدۇ دەپ قارايمەن. بۇلاقتىكى شەربەتنىڭ تەمىنى بىر تامچىسىدىنمۇ تېتىش مۇمكىن. تامچە لەززەت پارچە قىممەتكە ۋەسىلە بولسا ئەجەب ئەمەس.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىسمائىل ھاجى ئاكا، ئالدى بىلەن بۇ سۆھبەت ئۈچۈن ئالتۇندەك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتالىغىنىڭىزغا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، سالامەت بولۇڭ، ئاللاھ ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

ھاجى ئاكا، سىز مۇستەملىكە تارىخىمىزنىڭ تىرىك شاھىتلىرىدىن، سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئۆتۈشتىن ئاۋۋال، ئۆزىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەنمۇ سىزگە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. بولىدۇ، ئۆزۈم ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەي: مەن ئىسمائىل ھاجى1939-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. دادامنىڭ ئىسمى مۇھەممەد نىياز ئاخۇن (مەتنىياز ئاخۇن) سىدىق، ئانامنىڭ ئىسمى پاتىمە ئىبراھىم. دادام ئەسلى ئاتۇش سۇنتاغلىق كىشى بولۇپ، غۇلجىغا تىجارەت قىلغىلى چىقىپ، يەرلىشىپ قالغان ئىكەن. باللىق چاغلىرىمىزدا خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتەنگە بېسىپ كىردى. دادام تىجارەتچى بولغاچقا پومېشچىك دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، بىر قانچە قېتىم تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ قالپاق ماڭىمۇ كىيدۈرۈلدى. كوممۇنىستلارنىڭ ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلىرىدە مەن قالپىقىم سەۋەبلىك زۇلۇمغا ئۇچرىدىم. تاكى مەن 1983-يىلى چەتئەلگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكۈچە بۇ قالپاقنىڭ كاساپىتىدىن قۇتۇلالمىدىم. ۋەتەندىن چەتئەلگە چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن مەن گاھ كوممۇنىست پارتىيەنىڭ خىزمەتچىسى بولدۇم، گاھ ھارۋىكەش، گاھ تىجارەتچى بولدۇم، بۇ ھەقتە توختالسام گەپ ئۇزۇن.

نېمىلا بولمىسۇن ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن جېنىم ئېسەن قېلىپ، چەتئەلگە چىقىۋالدىم. ھازىر تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ياشاۋاتىمەن.

رەھمەت ھاجى ئاكا، ئەمدى سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئۆتەيلى: خاتىرىڭىزدىكى بۈيۈكلىرىمىزدىن قايسى ھەققىدە ئاۋۋال سۆزلەپ بېرىسىز؟

مەن گەپنى ئەلىخان تۆرىدىن باشلاي، مەن ئەلىخان تۆرىنى بىر قېتىملا كۆرگەن ئىدىم. ئەلىخان تۆرە ھەققىدە دادامدىن ئاڭلىغان بىر ھېكايە بار، شۇنى سۆزلەپ بېرەي، دادامنىڭ دېيىشىچە: دادام ئەلىخان تۆرە بىلەن ئابدۇراھمانكامنىڭ ئۆيىدە تونۇشۇپتىكەن. ئابدۇراھمانكام دادامنىڭ سوۋېت ئىنتىپاقىغا ئاپىرىپ ساتىدىغان قويىغا

قاراپ بېرىدىغان كىشى ئىدى. دادام بىر كۈنى ئابدۇراھمانكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، ئابدۇراھمانكامنىڭ ئۆيىدە بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇ كىشى دادامغا: مەتنىياز ئاخۇن قوتاندا لىق قوي، ئىلغىدا گۆش يوق دەپتۇ، دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قاپتۇ، دادام ھەيران بولۇپ، ئابدۇراھمانكامدىن سوراپتۇ: ئابدۇراھمانكا كىم ئادەم بۇ، گەپ-سۆزى جانلىققۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئابدۇراھمانكام ئەلىخان تۆرىنى دادامغا تونۇشتۇرۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ دادام ئەلىخان تۆرە بىلەن تونۇشۇپتۇ. دادام ئابدۇراھمانكامغا جىكىلەپ: ئابدۇراھمانكا بۇندىن كېيىن بۇ كىشىنى گۆشتىن ئۈزمە، گۆش قانچىلىك لازىم بولسا بەر، بۇ كىشىدىن ئاشقىنى ئاندىن مېنىڭ دەپتۇ، دادام شۇ ۋاقىتتا ئەلىخان تۆرە بىلەن تونۇشۇپتىكەن.

كېيىن بىزنىڭ ياشقا چوڭ تۇغقانلىرىمىز دادام توغرىسىدا ماڭا سۆزلەپ بېرىپ شۇنداق دېيىشەتتى: ئەلىخان تۆرە مەتنىياز تاغىمىز ھەققىدە گەپ قىلىپ قالسا، بىزنىڭ مەتنىياز ئاخۇن دەپ گەپ قىلاتتى. دېمەك ئەلىخان تۆرە دادام بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئىكەن.

يەنە دادامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە: دادام سوۋېت ئىتتىپاقىغا چارۋا - مال ئېلىپ چىقىپ سېتىپ يۈرگەن چاغلاردا، ئەلىخان تۆرە دادامدىن: مەتنىياز ئاخۇن، ھازىر نېمە تىجارەت قىلىۋاتىلا؟ دەپ سوراپتۇ. دادام: تەقسىر سىلە بىلگەندەك، سوۋېتكە قوي ئېلىپ چىقىپ، ئورۇسقا سېتىۋاتىمەن. بۇنى ئاڭلاپ ئەلىخان تۆرە: مەتنىياز ئاخۇن قوينىڭ پۇتىنى باغلاپ قاسساپقا ئۆزلىرى سويىۋالسىلا دېگەندەك ئىش قىلىۋېتىپىلا دەپتۇ. دادام: راست مۇشۇنداق بولامدۇ؟ دەپتۇ، ئەلىخان تۆرە: ئەلۋەتتە، دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دادام سوۋېتكە قوي ئېلىپ چىقىپ ساتىدىغان تىجارەتنى تاشلاپ، تېرىچىلىك قىلىپتىكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە ئەلىخان تۆرە رەئىس بولۇپ، روسلار بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، دادام ئەلىخان تۆرىگە شۇنداق دەپتىكەن: تەقسىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىلا، ئەينى ۋاقىتتا مەن سوۋېتكە قوي ئېلىپ چىقىپ ساتسام ھېلىقى گەپنى دېدىلە؟ مانا ئەمدى ئۆزلىرى بۈگۈن ئورۇسلار بىلەن دوست بولدىلىغۇ؟ بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەلىخان تۆرە: ھەي تەنتەك سىلى بىلمەيلا، بۇ ئىشلارنىڭ تېگىنى چۈشەنمەيلا، مەن بۇنىڭغا ھازىر مەجبۇر بولدۇم، دەپتىكەن. بۇ ھېكايىنى دادام ماڭا سۆزلەپ بەرگەن.

كېيىن ئەلىخان تۆرىنى رۇسلار سوۋېتكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىش توغرىسىدا دادام ماڭا سۆزلەپ بېرىپ: ئەلىخان تۆرىنى قانداق ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىزمۇ بىلەلمەي قالدۇق، بىر كېچىدىلا ئەلىخان تۆرە يوق بولۇپ كەتتى، دېگەن ئىدى.

ئەلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ كىتابىدا دادامنىمۇ تىلغا ئاپتۇ، خىتايلار ئەلىخان تۆرىنى

قولغا ئالماقچى بولۇپ ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقتىدا، دادامنىڭ ئەلىخان تۆرىگە ياردەم قىلىپ ئۇنى قاچۇرۇۋەتمەكچى بولغانلىقىنى يېزىپتۇ، مەن بۇ ھېكايىنى دادامدىن ئاڭلىمىغان، بۇ ھېكايىنى مەن ئۆزۈم ئەلىخان تۆرىنىڭ كىتابىدىن كۆردۈم. ئەلىخان تۆرە «تۈركىستان قايغۇسى» دېگەن كىتابىنىڭ «شىڭ دۇبەننىڭ زۇلۇمىدىن قېچىش ۋە تۈرمە» دېگەن بۆلۈمىدە دادامنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەپتۇ: «ماڭا جان پىدالىق بىلەن ئىخلاس قىلىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەردىن يەنە بىرى ئاتۇشلۇق سودىگەرلەردىن مەتنىياز ئىدى»[1].

ئەلىخان تۆرىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر گەپ: مەن توقسان نەچچىنچى يىلى تاشكەنتكە باردىم، بىر كۈنى تېلېۋىزوردا ئەلىخان تۆرە ساغۇنىينىڭ ئوغلى پالانى دەپ بىركىشىنىڭ تېلېۋىزوردا بەش مىنۇتچە سۆزلىگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ كىشىنىڭ چىرايىنى تونۇۋالدىم. تاشكەنتتە «ئەسكىجۇۋۇ» دېگەن بىر جاي بار، شۇ جاينىڭ يېنىدا بىر مەسجىد بار ئىدى، ئۇ مەسجىدنىڭ ئىمامى ناھايىتى جانلىق سۆزلەيتتى، جۈمە كۈنلىرى مەسجىدنىڭ يوللىرى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن توسۇلۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى شۇ مەسجىدكە بارسام ئەلىخان تۆرىنىڭ ھېلىقى تېلېۋىزوردا چىققان بالىسىنى كۆرۈپ قالدىم. بېرىپ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ئەلىخان تۆرىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. ئۇ كىشىنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ چىرايىنى تونۇۋالغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭغا ئەلىخان تۆرىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشى مېنى ئۆيىگە باشلاپ باردى ۋە بىر ئۆينى كۆرسىتىپ دادام مۇشۇ ئۆيدە جان ئۈزدى دېدى. ئۇ كىشى ئۆز قولى بىلەن ماڭا پولۇ ئېتىپ بېرىپ، دادام ماڭا مۇشۇنداق پولۇ ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويغان دېدى.

كېيىن بىز ئۇنىڭ دادىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتۇق، ئۇ كىشى ماڭا بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى يازدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن ئۇ كىشى ئىستانبۇلغىمۇ كەلدى.

رەھمەت ھاجى ئاكا، ئەمدى زەرىپ قارىھاجىم ھەققىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز؟

زەرىپ قارىھاجىم غۇلجىنىڭ شەرق مەھەللىسىدە يەنى بىزنىڭ مەھەللىدە بىر ئۆزبېك كىشىنىڭ قورۇسىدا ئىجارە ئولتۇرۇپتىكەن. قارىھاجىمنىڭ غۇلجىغا نېمە سەۋەبتىن ۋە قانداق ئورۇنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. شەرق مەھەللە ئاتۇشلۇقلار بىلەن ئۆزبېكلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ مەھەللە «ئاتۇش مەھەللىسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بىلىشىمچە زەرىپ قارىھاجىمنىڭ ئولتۇرغان ئۆيى مەھەللە مەسجىدىدىن تەخمىنەن بەش-ئالتە يۈز مېتىر يىراقلىقتا ئىدى.

[1] ئەلىخان تۆرە ساغۇني، «تۈركىستان قايغۇسى»، 222-بەت.

بىر كۈنى جامائەت زەرىف قارىھاجىمنى يوقلاپ ئۆيىگە كىرىپتۇ، زەرىف قارىھاجىم جامائەتكە ئۆزى ئولتۇرغان ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆينى بىكار قىلىپ بېرىشكە قىستاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ، دادام دەرھال: تەقسىر سىلىگە ئۆي لازىم بولسا بىزدە ئۆي بار دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن جامائەت سىرتقا چىققاندا دادامغا تاپا ـ تەنە قىلىشىپتۇ: مەتنىياز ئاخۇن سىلى تەنتەكلىك قىلدىلا، بۇ كىشى كاتتا كىشى تۇرسا، مۇشۇنداقمۇ قىلامىلا، كېيىن سىلىنىڭ گەپنى راست دەپ چۈشىنىپ قېلىپ سىلىدىن ئۆيلىرىنى سورىسا قانداق قىلىلا، دېيىشىپتۇ، دادام ئەگەر قارىھاجىمغا ئۆيۈم لازىم بولسا ئۆيۈم تەييار دەپتۇ. بۇ ئىشتىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جامائەت يەنە زەرىف قارىھاجىمنى يوقلاپ كىرىپتۇ، زەرىف قارىھاجىم دادامغا: مەتنىياز ئاخۇن سىلى ئۆي بار دېگەن ئىدىلە، قانداق بولىدى، دەپتۇ؟[1] دادام: تەقسىر ئۆي هازىر دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام بىزنى ئۆيىمىزدىن كۆچۈرۈپ، غۇلجا ختاي بازىرىغا يۆتكەپ كەلدى، شەرق مەھەللىدىكى ئۆيىمىزنى زەرىف قارىھاجىمغا بىكار قىلىپ بەردۇق. زەرىف قارىھاجىم بىزنىڭ شەرق مەھەللىدىكى ئۆيىمىزگە كۆچۈپ كەلدى، دادام زەرىف قارىھاجىمغا بۇ ئۆينى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بەرگەن ئىدى، ئىجارە ئالمايتتى. زەرىف قارىھاجىم شۇ كۆچۈپ كەلگىنىچە ئۆيىمىزدە تەخمىنەن ئون يەتتە يىل تۇردى.

دادام بۇ جەرياندا زەرىف قارىھاجىمغا قولىدىن كېلىشىچە خەيرخاھلىق قىلىپ تۇردى، زەرىف قارىھاجىمنىڭ دادامغا «سېنىڭ قىلغانلىرىڭنىڭ قايسى بىرىگە رەھمەت ئېيتىپ تۈگىتىمەن مەتنىياز» دېگەنلىكى هازىرمۇ قۇلىقىمدا. كېيىن قارىھاجىم غۇلجا ۋاڭ قادىر بېغىنىڭ سۈيىنىڭ چىقىدىغان يېرىدىن تەخمىنەن بىرەر يېرىم مو بېغى بار بىر ئۆينى سېتىۋېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدىن كۆچۈپ كەتكەن.

هاجى ئاكا، سىز بالا ۋاقتىلىرىڭىزدا زەرىف قارىھاجىمنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرامتىڭىز؟

ياق، دادام بىزنىڭ قارىھاجىمنىڭ ئۆيىگە بېرىشىمىزغا يول قويمايتتى. بىز قارىھاجىمنىڭ تەپسىرنى قانداق يازغانلىقىنىمۇ كۆرمىگەن. قارىھاجىم بىزنىڭ ختاي بازىرىدىكى ئۆيىگىمۇ كەلمەيتتى. بىزنىڭ ئۆيدە بىر زىياپەت بولغاندا كاتتا ئۆلىمالار بىزنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن، شۇ چاغدا قارىھاجىممۇ كەلگەن.

زەرىف قارىھاجىمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى بىلەمسىز؟

زەرىف قارىھاجىمنىڭ بۇرۇنقى ئايالىنى بىلمەيمەن، كېيىنكى ئايالىنى بىلىمەن، كېيىنكى ئايالى ئاقسۇلۇق ئىدى، ئۇ پاكىز، ياش ئايال ئىدى، ئىسمى ھەمراخان ئىدى، بىز ئۇ ئايالنى «ئايىم ئاپا» دەيتتۇق. قارىھاجىمنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ ئىسمى

[1] ئىسمائىل هاجى ئاكا بۇ جايدا زەرىف قارىھاجىمنىڭ ئۆزبېك شىۋىسىنى دوراپ «قەنەقە بولدى» دېگەنلىكىنى هېكايە قىلدى. ئىسمائىل هاجى ئاكىنىڭ دېيىشىچە، زەرىف قارىھاجىم ئۆزبېكچە گەپ قىلىدىكەنتۇق.

ئېزىز ئاخۇن ئىدى، ئۇ كىشىمۇ زەرىف قارىھاجىملار بىلەن بىرگە تۇراتتى. يەنە ئۇلارنىڭ تۇرسۇنئاي دېگەن بىر يېقىن تۇغقىنىمۇ بار ئىدى.

بىلىشىمچە، قارىھاجىمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىم. باشتىكى ئايالىدىن بولغان چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى خالىد قارىكام ئىدى. خالىد قارىكامنى ياخشى بىلمەن. خالىد قارىكامنىڭ قازاقچا ئوخشاپ كېتىدىغان ئايالى بار ئىدى، خالىد قارىكام كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم ئىدى، بىزنىڭ ئۆيگە پات ـ پات كېلەتتى، ئاكام بىلەن بىر ئىدارىدا ئىشلەيتتى، ھۆكۈمەت ئۇنى خىيانەتچى دەپ ئۆيىنى تارتىۋالغان ئىدى. خالىد قارىكام يېتىشكەن قارى ئىدى، باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، خالىد قارىكام يەتتە قىرائەتتە يېتىشكەن قارى ئىكەن. خالىد قارىكامنىڭ ئىككى ئوغلى بارئىدى.

زەرىف قارىھاجىمنىڭ بالىلىرى تۆگەپ كەتتى، ھازىر نەۋرىلىرى بار. بۇندىن بەش ـ ئالتە يىل بۇرۇن ۋەتەنگە بارغىنىمدا قارىھاجىمنىڭ بىر نەۋرىسى مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇ بالا مەندىن بوۋىسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى سورىدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ بوۋىسىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا زەرىف قارىھاجىمنىڭ تەرجىمىھالىغا يازغىدەك بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ بالىدىن بوۋىسى ھەققىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ماڭا كۆرسىتىشىنى سورىمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن.

زەرىف قارىھاجىم تەپسىرىنى (تەپسىرى زەرىف)نى سىلەرنىڭ قارىھاجىمغا بەرگەن شۇ ئۆيدە يېزىشقا باشلىغانمۇ؟

مەن قارىھاجىمنىڭ تەپسىرنى قەيەردە يېزىشقا باشلىغانلىقىنى ئوچۇق بىلمەيمەن، لېكىن زەرىف قارىھاجىم تەپسىرىدە سۈرە فاتىھەنىڭ تەپسىرىنىڭ كەينىگە فاتىھەنىڭ تەپسىرىنى تاماملىغان چېسلانى بېرىپ، ئاندىن «ئىلىنىڭ شەرق مەھەللىسى» دەپ يازغىنىغا قارىغاندا بىزنىڭ قورۇدا يازدىمىكىن دەپ ئويلايمەن[1].

زەرىف قارىھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىم تەپسىرى (تەپسىرى زەرىف) قانداق ساقلانغان ئىكەن؟ بۇ تەپسىرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ كۆپەيتىمىسىنىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ قولىغا تېگىپ چەتئەلدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى نەشر قىلىنىشىدا سىز كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان كىشى ئىكەنسىز؟ بۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

---

[1] بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، زەرىف قارىھاجىم (تەپسىرى زەرىف) ناملىق تەپسىرنى بىرلا جايدا يازمىغان. ھەرقايسى سۈرە ـ پارىلەرنىڭ كەينىگە بۇ سۈرە ـ پارىلەرنى يازغان ۋاقىت ۋە ئورۇنلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. زەرىف قارىھاجىم ئۆزى كۆپ پارىلەرنىڭ تەپسىرىنىڭ تاماملانغان ئورنىنىڭ غۇلجا شەرق مەھەللىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، يەنە باشقا يەرلەردە ئوچۇق قىلىپ، بۇ پارىلەرنىڭ تاماملانغان ئورنىنىڭ غۇلجا ئاتۇش مەھەللىسى (شەرق مەھەللە)، ئاتۇشلۇق مۇھەممەد نىياز ئاخۇننىڭ قورۇسى ئىكەنلىكىنى يازغان، مۇھەممەد نىياز ئاخۇن دەل ئىسمائىل ھاجىنىڭ دادىسى بولىدۇ. تەپسىرى زەرىف، 2 ـ توم، 619 ـ بەت، 3 ـ توم، 157 ـ، 235 ـ، 276 ـ، 309 ـ ۋە 340 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

بۇ سوئالنى مەندىن سورىمىسىڭىز ياخشى ئىدى، بىرىنچى ئاللاھنىڭ پەزلى، ئىككىنچى زەرىف قارىھاجىمنىڭ تەپسىرنى يازغان ۋاقتىدىكى ئىخلاسى سەۋەبلىك بۇ تەپسىر تولۇق تاماملىنىپ، قولىيازمىسى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىماي يىرىم ئەسىردەك ساقلىنىپ قالغان. كېيىن تۈركىيەدە تولۇق نەشر قىلىنىپ بۈگۈنكىدەك ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم، مەلۇم بىر ئىخلاسمەن قېرىندىشىمىز بۇ تەپسىرنى ساقلاپتىكەن. بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ ئىسمىنى دېمەي. شۇ قېرىندىشىمىز ھەققىدە دۇئا قىلىپ قويۇڭلار. يەنە بۇ ئىشقا كۈچ چىقارغان مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم ھەققىدىمۇ دۇئا قىلىپ قويۇڭلار، ئەڭ مۇھىمى بۇنى ئاللاھ ئاسان قىلدى. بۇ ھەقتە شۇنچىلىكلا گەپ قىلاي.

زەرىف قارىھاجىم ۋە بۇ تەپسىرنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار، كاتىپلار، تەپسىرنى ساقلىغۇچىلار، تەپسىرنىڭ بېسىلىشىغا ياردەم قىلغان ساخاۋەتچىلەرقاتارلىق مۇشۇ ئىشقا كۈچ چىقارغانلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلايلى.

زەرىف قارىھاجىمنىڭ «ئەممە پارە تەپسىرى» چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا قاتاردا نەشر قىلىنىپتىكەن، بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز؟

«ئەممە پارە تەپسىرى»نىڭ قاتاردا قانداق بولۇپ نەشر قىلىنغانلىقىدىن تولۇق خەۋىرىم يوق، بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە: سەكسەن نەچچىنچى يىللىرى تۈركىيە ئارقىلىق ھەجگە بېرىش بىرئاز قولاي بولغان چاغلاردا، ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم ئىسىملىك تۇغقىنىم ھەجگە بېرىش ئۈچۈن تۈركىيەگە كەلدى، ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم ئەھلى ئىلىم بولۇپ، غۇلجىدىكى بىرقانچە مەسجىدتە ئىمامەتچىلىك قىلغان، ئۇ كىشى غۇلجىدىكى شەرق مەھەللە مەسجىدىنىڭ ئىمامەتچىلىكىنىمۇ قىلغان كىشى ئىدى.

ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى پېقىرنى يوقلاپ ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلدى، مەن تۇغقىنىمنىڭ ھۆرمىتىگە ئۆيۈمدە زىياپەت بەردىم، بىر قانچە يۇرتداشلارنى، يارەنلىرىمنى بۇ زىياپەتكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار بۇ زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلدى، زىياپەت ناھايىتى ياخشى بولدى. ھەر خىل تېمىلاردا سۆھبەت بولدى. سۆھبەت جەريانىدا تۇغقىنىم ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم زەرىف قارىھاجىم ھەققىدە گەپ قىلىپ، زەرىف قارىھاجىمنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا قۇرئان كەرىمنىڭ «ئەممە پارە»سىگە تەپسىر يازغانلىقىنى بۇ تەپسىرنىڭ پاكىستاندا نەشر قىلىنغانلىقىنى، زەرىف قارىھاجىم ياشانغان ۋاقىتلاردا بۇ تەپسىرنىڭ قولىدا قالمىغانلىقىنى، زەرىف قارىھاجىمنىڭ شۇ تەپسىرنى قايتا بىر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىش ئارزۇسى بارلىقىنى، لېكىن بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم يەنە زەرىف قارىھاجىمنىڭ بۇ تەپسىرنى قايتا كۆزدىن

كۆچۈرمەكچى بولغانلىقىدىكى سەۋەبىنىڭ، ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئىلمىي ئۇستىداتى بىلەن ياشانغان ۋاقتىدىكى ئىلمىي ئۇستىداتى ئارىسىدا پەرق بولغانلىقى، ھازىرقى كۆز قاراشلىرى بىلەن ئىلگىرىكى كۆز قاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ زىيارەتكە قاتناشقان يۇرتداشلارنىڭ ئىچىدە خەلپە ئالتاي دېگەن بىر قازاق ئۆلىما بار ئىدى. خەلپە ئالتاي ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ يۇقىرىقى گېپىنى ئاڭلاپ، مەن ئۆيۈمدىكى كىتابلىرىمغا قاراپ باقاي دېدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خەلپە ئالتاي زەرىف قارىھاجىمنىڭ ئەممە پارە تەپسىرىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، بۇنى كۆرگەن ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم: دەل مۇشۇ تەپسىر ئۆزى شۇ، دېدى. ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم خەلپە ئالتايدىن بۇ تەپسىرنى ئۆزىگە بېرىشنى ئۆتۈندى. خەلپە ئالتاي بېرىشكە ئۇنىمىدى. مەن ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ بۇ تەپسىرنى ئوقۇشقا بەك قىزىققانلىقىنى كۆرۈپ، خەلپە ئالتايدىن بۇ تەپسىرنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشىنى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بۇنىڭغا مەن كېپىل بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. خەلپە ئالتاي ماقۇل بولۇپ تەپسىرنى ئارىيەت بېرىپ تۇردى. كېيىن ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم ھەرەم سەپىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇ تەپسىرنى ئوقۇدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ تەپسىرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ھېس قىلغان خەلپە ئالتاي بۇ تەپسىرنى ساخاۋەتچىلەرنىڭ ياردىمىدە قاتاردا كۆپەيتىپ باستۇرغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ تەپسىرنىڭ قاتاردا باستۇرۇلغان نۇسخىسىدىنمۇ ماڭا بىرسى تەگكەن ئىدى. بۇ تەپسىرنى داداممۇ ئەللىك نەچچىنچى يىللىرى شاڭخەيدە تۇڭگانلار بىلەن كېلىشىپ كۆپەيتىپ باستۇرغان.

زەرىف قارىھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىم تەپسىرىنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسىنى كىم كۆچۈرگەن بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز؟

مېنىڭ بىلىشىمچە غۇلجىنىڭ جىلىۋۈزە يوچىركىسى چىرايلىق بىر قارىم بولۇپ، شۇ قارىم زەرىف قارىھاجىمنىڭ تەپسىرىنىڭ قولىيازمىسىنى كۆچۈرۈپ يازغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئېنىق ئېسىمدە يوق، لېكىن تەپسىرنىڭ ئۆزىدە كۆچۈرۈپ يازغان بىرقانچە كىشىنىڭ ئىسمى بېرىلىپتۇ، قارىغاندا بىرقانچە ئادەم كۆچۈرۈپ يازغان بولسا كېرەك.

ھاجى ئاكا سىز ھازىر زەرىف قارىھاجىمنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىڭىز تونۇمسىز؟

ئەلۋەتتە زەرىف قارىھاجىمنى كۆرسەم تونۇيمەن.

ناھايىتى ياخشى بولدى، ئۇنداقتا ئىسمائىل ھاجى ئاكا سابىت داموللام قاتارلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىرگە چۈشكەن ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق مەشھۇر بۇ سۈرەتتىكى زەرىف قارىھاجىم قايسى كىشى؟ (سۈرەتنى ئىسمائىل ھاجى ئاكىغا كۆرسەتتىم).

(سۈرەتتىكى سىرىق رەڭ بىلەن بەلگە قىلىنغان كىشى زەرىف قارىھاجىم)

(ئىسمائىل ھاجى ئاكا ئوڭدىن سانىغاندا بىرىنچى كىشى يەنى بېشىغا قۇلاقچا، ئۈچىسىغا پەلتۇ كىيىۋالغان كىشى بىلەن سابىت داموللام ئارىسىدا ئولتۇرغان شالاڭ ساقال، كۆزى قىسىقراق، ئوڭدىن سانىغاندا ئىككىنچى كىشىنى زەرىف قارىھاجىم مۇشۇ دەپ كۆرسەتتى)[1].

سىز زەرىف قارىھاجىمنى كۆرگەندىكى چىرايى بىلەن بۇ سۈرەتتىكى چىرايىدا ئۆزگىرىش بارمۇ؟

ئەلۋەتتە بۇ چىرايىدا تىمەن كۆرۈنۈپتۇ، مەن كۆرگەن ۋاقىتلاردا ياشىنىپ قالغان ۋاقىتلار ئىدى. قۇلىقى ئېغىرلاپ قالغان ئىدى.

يەرلىك ئۆلىمالار زەرىف قارىھاجىم بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولۇرمىدى؟

---

[1] ئىسمائىل ھاجى ئاكا سۈرەتتىكى زەرىف قارىھاجىم دەپ كۆرسەتكەن كىشىنى، ئىسمائىل ھاجى ئاكىنىڭ ئايالى بۇۋى ھاجەر خانىممۇ مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇۋى ھاجەر خانىممۇ ئەينى چاغدا زەرىف قارىھاجىمنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ئىكەن.

يەرلىك ئۆلىمالار بەزى مۇشكۇل مەسىلىلەرنى زەرىف قارىھاجىمدىن سورايدىغانلىقنى بىلمەن. يەرلىك ئۆلىمالار قارىھاجىمدىن مەسىلىلەرنى سوراشقا ئۆيىگە بارغاندا دادامنى بىرگە ئېلىۋالىدىكەن، چۈنكى زەرىف قارىھاجىمنىڭ قۇلىقى ئېغىر بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ سۆزلىمىسە ئاڭلىمايدىغان بولغاچقا، ئۆلىمالار دادام ئارقىلىق سوئاللىرىنى سورىغۇزىدىكەن.

زەرىف قارىھاجىم ئۆيدە تالىپ ئوقۇتقانمۇ؟

زەرىف قارىھاجىم ئۆيىدە تالىپ ئوقۇتمايتتى، تالىپ ئوقۇتقاننى كۆرمىدۇق، ئاڭلىمىدۇق، لېكىن ئىلى خەلقى، ئالىم – ئۆلىمالىرى قارىھاجىمدىن يۇلىۋورۇق ئالاتتى.

ئابدۇقادىر داموللام شەھىد بولغاندا، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئايالى ھامىلدار ئىكەن، كېيىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغقان بولۇپ، بۇ ئوغۇلغا مەرھۇم دادىسى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسمى قويۇلغانىكەن، مانا شۇ ئابدۇقادىر دېگەن كىشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇقادىركام غۇلجىدا بىزنىڭ مەھەللىدە ئولتۇراتتى، ئابدۇقادىركام ئاچچىغى يامان كىشى ئىدى، بىزنىڭ ئۆي بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن يۈز مېتىر كېلەتتى.

ئابدۇقادىركامنىڭ ئانىسى يەنى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئايالى ئابدۇقادىركام بىلەن بىرگە تۇراتتى، ئۇ ئايال توقسان نەچچە ياشتا ۋاپات بولدى[1]، ئۇ ئايالنىڭ كۆزى شۇنداق روشەن ئىدىكى ياشنىپ قالغان شۇ يېشىدىمۇ يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلەيتتى.

ئابدۇقادىركام ئابلىز مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ئىدى، ئابدۇقادىركامنىڭ ئىككى قىز نەۋرىسى ھازىر ئىستانبۇلدا ياشايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوغلى ئابلىز مەخسۇم ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ئابلىز مەخسۇمنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچىدە مىللىي تىياتىرخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تار كوچىدا ئىدى.

مەن ھارۋىكەشلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە مەلۇم بىر ئىش سەۋەبلىك ئابلىز مەخسۇمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىگە كىردىم. ئۇ رامىزان ئېيى ئىدى، مەن ئىپتارغا يېقىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئىدىم. مەن ئۆيىدىن چىقماقچى بولغىنىمدا ئابلىز مەخسۇم: بالام ئىپتار قىلىپ چىقىپ كەت، دەپ تۇرۇۋالدى، مەن ماقۇل بولۇپ

[1] يالقۇن روزى «20-ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئىزاھات قىسمىدا يېزىشىچە: ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئايالى نائىلە خانىم 1977-يىلى 97 يېشىدا قازا قىلغان. يالقۇن روزى: «20-ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2010-يىل 5- سان، 42-بەت.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىپتار قىلدىم.

ئابلىز مەخسۇم بىلەن بىرگە ناماز شامنى ئوقۇدۇم، كېيىن مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئۇزىدىم، شۇندىن بىرقانچە ئاي كېيىن ئابلىز مەخسۇمنىڭ پويىز ۋەقەسى بىلەن ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم.

ئابلىز مەخسۇم ناھايىتى زېرەك كىشى ئىدى. يۇقىرىدىكى تىلغا ئېلىنغان تۇغقىنىم ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئوغلى ئاقسۇ تارىم تۈرمىسىدە ئىدى، ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم ئوغلىنى يوقلاپ تۈرمىگە بېرىپتىكەن، شۇ چاغدا ئابلىز مەخسۇممۇ شۇ تۈرمىدە ئىكەن. ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم ئابلىز مەخسۇمنىمۇ يوقلاپتىكەن. ئابلىز مەخسۇم ئون مىنۇت ئىچىدە ناھايىتى مەزمۇنلۇق بىر خەت يېزىپ ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىمگە بېرىپتىكەن. كېيىن ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم ماڭا بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ، ئابلىز مەخسۇمنىڭ ناھايىتى زېرەكلىكىنى دەپ بەرگەن ۋە ھېلىقى ئابلىز مەخسۇمنىڭ خېتىنى ماڭا بەرگەن ئىدى، ئۇ خەتنى مەن ساقلاپ كېلىۋاتقان، ھازىر تاپالمايۋاتىمەن، يەنە ئاختۇرۇپ باقسام بولغىدەك.

ئىسمائىل ھاجى ئاكا، سىزنىڭ يەنە زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجىم، مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم، ھاجىمۇھەممەد قارىھاجىم قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار ھەققىدىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم، ئۇلار ھەققىدىمۇ سىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگۈم بار، لېكىن بۈگۈن سىزنى كۆپ سوئال سوراپ چارچىتىپ قويدۇم، كېيىنچە يەنە سۆھبەت قىلىشقا نېسىپ بولار. سىزگە كۆپ رەھمەت. ئاللاھ تېنىڭىزنى سالامەت قىلسۇن.

شۇنداق زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجىم غۇلجىغا كەلگەندە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن. ھاجىمۇھەممەد قارىھاجىم مېنىڭ ئاغىنەم، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىممۇ مېنىڭ ئاغىنەم، بىز بىرگە شېرىك تىجارەتمۇ قىلغان. بۇ ھەقتە سۆزلىسەم گەپ تولا، دېگىنىڭىزدەك يەنە بىر پۇرسەتتە بولۇپ قالار، سىزگىمۇ رەھمەت. ئاللاھقا ئامانەت! بۇ سۆھبەت نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەردىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇ سۆھبەتتە زىكىر قىلىنغان ئۆلىمالارغا، مەرھۇملارغا ۋە پېقىرنىڭ ئاتىسىغا خالىس دۇئادا بولغاي.

(ئىسمائىل ھاجى ئاكا بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ سۆھبەت 2020-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئىسمائىل ھاجى ئاكىنىڭ كۈيئوغلى ئەركىن غوجىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى).

—— (بۇ ماقالىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى: فارۇق مۆھتەرەم)

كۇچا شىۋىسىدىكى ئاتا سۆزى ھەققىدە

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت

قىسقىچە مەزمۇنى:

بۈيۈك كارۋان يولى دەپ ئاتالغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كۇچا قەدىمدىن بۇيان تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى، غەربى بىلەن شەرقىنى تۇتۇتاشتۇرغۇچى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ كەلگەن. كۇچانىڭ شىمالىنى بۈيۈك تەڭرىتاغلىرى، جەنۇبىنى چەكسىز تەكلىماكان چۆللۈكى قاپساپ تۇرىدۇ. كۇچا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاتا يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە تارىختا ئۇيغۇرلاردىن سىرت سوغدىلار، ئارىيانلار، توخارلارمۇ بىرمەزگىل ياشاپ كۇچا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. كۇچا ئوتتۇرا ئىقلىم ۋە مەركىزى ئاسىيا دائىرىسىدە بۇددا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. كۇچانىڭ جۇغراپىيىلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيەت قاتلىمى كۇچالىقلارنىڭ تىلىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، كۇچانى مەركەز قىلغان قەدىمقى كۇسەن تېررىتورىيىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا رايونلاردىن مەلۇم نىسبەتتە پەرقلىنىدىغان شىۋىسىنى بەرپا قىلغان. كۇچا شىۋىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا شىۋىلىرىدىن يالغۇز تاۋۇش جەھەتتىكى يۇمشاقلىقى ۋە مۇلايىملىقلىقى بىلەنلا پەرقلىنىپ قالماستىن، بەلكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شىۋىلەرگە بۆلۈنۈش ئالاھىدىلىكىدىن

ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى ئۈچ چوڭ دىئالېكت ۋە ئون نەچچە تارماق شېۋىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، كۇچا رايونى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزى دىئالېكت تارىم شۋېسىنىڭ كۇچا شېۋىسىگە بۆلۈنگەن. كۇچا شېۋىسى باي، شاھيار، توقسۇ ناھيىلىرىنى قاپلىغان بولۇپ، بۇ شېۋىگە تەۋە رايونلاردا ھازىرمۇ تارىختىن قالغان ئادەت بويىچە دادىسىنى «ئاتا» دەپ ئاتاش ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بۇ ماقالىمىزدا مەركەزلىك قىلىپ، كۇچا شېۋىسىدىكى «ئاتا» سۆزى تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: كۇچا، كۇسەن، ئاتا، شېۋە

كۇچا تارىم بوستانلىقىدىكى تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. كۇچا مىلادىيدىن ئىلگىرىلا شەھەر مەدەنىيتىگە كۆچكەن بولۇپ، ئۆزگە خاس مەدەنىيەت ئاساسىنى بەرپا قىلغان. كۇچا قەدىمدە كۇسەن نامىدا ئاتالغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىمقى كۇچا دۆلتى بۇگۈن كۇسەن دۆلتى نامىدا ئاتىلىپ كەلمەكتە. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176-يىلدىن «كۇسەن ئۇيغۇرلىرى» كۇسەن ئېلىنىڭ ئورنىنى ئىگەلگەن مىلادىيە 9-ئەسىرنىڭ ئوتتورلىرىغىچە بولغان ۋاقتنى ھېساپلىغاندا كۇسەن ئېلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ.[1] كۇسەن دۆلتى مەركىزى ئاسىيا ئىقلىمىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. كۇسەن دۆلتى بۈيۈك كارۋان يولى دەپ ئاتالغان يىپەك يولىنىڭ جەنۇب، شىمال بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرسىغا جايلاشقان.[2] شۇڭا ھېچقانداق كاراۋان يولى بۇ يەردىن ئەگىپ ئۆتەلمىگەن، شەرق بىلەن غەربنىڭ پەن، مەدەنىيەت، سودا ئالاقىسى بۇ يەردە بىر-بىرىگە باغلىنىپ، ئۆزۈنگا سوزۇلغان مۇساپىنى مۇشۇ يەر ئارقىلىق ئوتۇشلۇق داۋاملاشتۇرغان. كۇچا ئەينى ۋاقىتتا جاھان ئەھلىنىڭ نەزىرىدە ئاۋات، كاتتا يۇرت «قەدىمقى غەربىي يۇرتتىكى چوڭ ئەل» ھېساپلىنىپ، ھەر خىل تارىخىي خاتىرىلەردە ئۆچمەس نام قالدۇرغان.[3]

كۇچا ھەققىدىكى ئۇچۇرلار خىتايچە تارىخىي كىتاپلاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەنگو تەرىپىدىن يېزىلغان «خەننامە»دە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن سۇلالىلەر تارىخىدا ئىزچىل كۇچا ھەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. كۇچا ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە تەزكىرىسى» «ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى»،

[1] تەلئەت ئۇبۇلقاسىم، قەدىمقى كۇسەن سەنئىتى 2015-يىلى نەشرى، 3 -بەت

[2] تەلئەت ئۇبۇلقاسىم، قەدىمقى كۇسەن سەنئىتى 2015-يىلى نەشرى، 3 -بەت

[3] مۇھەممەت شاۋۇدۇن، كۇچانىڭ نامى ھەققىدە، كۇسەن مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2016-يىللىق 1-سان، 16-بەت

«جىننامە»، «ۋىينامە»، «لىياڭنامە»، «جۇنامە»، «شىمال تارىخى»، «سۇينامە»، «تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «شۇەنزاڭنىڭ بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «ۋۇكۇڭنىڭ ئەنتىكەك ئىلى خاتىرىلىرى» دا كۆپىرەك تاپقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت كۇچا ھەققىدىكى ئۇچۇرلار توخارچە، تىبەتچە، ئەرەبچە، گرىكچە مەنبەلەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

كۇچا ھەققىدىكى ئۇيغۇرلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەنبە يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەردە كۇچا 6 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. بىرىنچى قېتىمدا «كۈسەن» سۆزىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. كۈسەن «كۇچا» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگراسىغا جايلاشقان.[1] دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۈسەن پەقەت كۇچانىڭ يەنە بىر نامى، ئاساسلىق نامى يەنىلا كۇچا.

840-يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى زېمىنلىرىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ ئايرىم-ئايرىم خانلىقلارنى قۇرغان. بۇ مەزگىلدە كۇچانى مەركەز قىلغان كۇچا دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئالغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى كۇچا كېيىن بېشبالىق بولغان، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچۇ دېگەن نام بىلەن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتالغان.[2] لېكىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلارنىڭ تەختىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۇچاغا يۈرۈش قىلدى. قەدىمدىن بېرى بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كۇچا قاتتىق قارشىلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە تەرسالىق قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى سۇتۇق بۇغراخانغا باش ئەگدى.[3] كۇچانىڭ سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن كېيىن قاراخانىيلار تەۋەلىكىدە بولغانلىقىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەري بۈگۈر نامىنى ئىزاھلاپ ئۇنى چېگرا شەھەر دەيدۇ. بۈگۈر كۇچا شەھرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا.[4] بۈگۈر كۇچانىڭ شەھەر مەركىزىدىن 120 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان بىر بازار، بۇ كۇچانىڭ ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلارغا تەۋە جاي ئىكەنلىكىنى

[1] مەھمۇد قەشقەري «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1981-يىلى نەشرى، 1-توم 526-بەت.
[2] ھاجى نۇرھاجى، قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار، 2009-يىلى نەشرى، 149-بەت.
[3] ھاجى نۇرھاجى، قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار، 2009-يىلى نەشرى، 240-بەت.
[4] مەھمۇد قەشقەري «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1981-يىلى نەشرى، 1-توم 468-بەت.

ئىسپاتلايدىغان مۇھىم مەنبەدۇر.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا كۇچادا بىر مەزگىل سوغدىلار، ئارىيانلار، توخارلار ۋە ئۇيغۇرلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۆزگىچە خاس تىلغا ئىگە بولۇپ، كۇسەن تىلى (توخار) دەپ ئاتالغان بىر خىل تىل ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىشلەتكەن تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدە يەنىلا تۈركىي تىللارغا تەۋە ئېلېمېنتلار كۆپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئاھالىلىرى بولۇپ، ئارىيانلار ۋە سوغدىلارنىڭ بۇ يەرگە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كۆچۈپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋەيران بولۇپ، ئەسلىدىن ئۆزگىچە تەۋە بولغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى زېمىنلىرىغا كۆچكەندە، كۇچاغىمۇ پاتېكىن رەھبەرلىكىدىكى زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. شىمالدىكى قىرىنداشلىرىنىڭ كۇچاغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى كۇچانىڭ ئەسلىدىكى ئاھالە قۇرۇلمىسىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. كۇچادىكى ئارىيان، سوغدى، توخار قاتارلىق خەلقلەر پەيدىن-پەي ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىدىكى پەرقلىق ئامىللار كۇچا ئاھالىسىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى ۋە تىلىدىكى پەرق شېۋە خاسلىقىنى شەكىللەندۈرۈشتە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن سىرت كۇچا تارىختىن بۇيان جەنۇب بىلەن شىمال ۋە غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەركىزىگە ۋە قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ تەسىرىگىمۇ كۆپ ئۇچرىغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلەرگە بۆلۈنۈش ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى ئۈچ چوڭ دىئالېكت ۋە ئون نەچچە تارماق شېۋىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، كۇچا رايونى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزى دىئالېكت تارىم شېۋىسىنىڭ كۇچا شېۋىسىگە بۆلۈنگەن. تارىم شېۋىسى كۇچا، باي توقسۇ، شاھيار ناھىيەلىرىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بۇ تۇپراقلار قەدىمقى كۇسەن دۆلىتىنىڭ كونا زېمىنلىرىدۇر. جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشى جەھەتتىن ئالغاندا، كۇچا شېۋىسى شەرقىي شىمالدا تۇرپان شېۋىسى، شەرقىي جەنۇبتا لوپنۇر دىئالېكتى، غەربتە تارىم شېۋىسى، جەنۇبتا خوتەن دىئالېكتى بىلەن تۇتىشىدۇ. بىراق كۇچا رايونى خوتەن بىلەن كەڭ چۆل ئايرىپ تۇرغاچقا، خوتەن بىلەن بولغان كېلىش-بېرىش باشقا قوشنا رايونلاردەك قويۇق ئەمەس.[1] كۇچا شېۋىسى باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلەردىن بىر جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ يەرلىك سۆز ۋە ئاتالغۇلار بىلەن پەرقلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئاھاڭلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. كۇچا شېۋىسىدىكى «ئاتا»

[1] مىرسۇلتان ئوسمان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى، 1990-يىلى نەشرى، 146-بەت.

سۆزى كۇچالىقلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا مۇقەددەس بولغان ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان سۆزدۇر. كۇچالىقلار ئۆزلىرىنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئۇلۇغ ئىنسانىنى ئاتا دەپ ئاتايدۇ. ئاتا ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئاتا ئۇلار ئۈچۈن تەڭرىتاغدەك بۈيۈك ۋە يىقىلماس يۆلەنچۈكتۇر. شۇڭا كۇچالىقلاردا «ئاتىلار سۆزى كۆڭۈلنىڭ كۆزى» دېگەن ماقال ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ خىل ئىپادىلەرنى كۇچا خەلق ناخشىلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ:

ئاتاسى بارمۇ توشقاننىڭ
ئاناسى بارمۇ توشقاننىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار
مەندەك بەختى قاچقاننىڭ؟

ئاتا سۆزى ئەسلىدە پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق سۆز بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئاتا سۆزى پەقەت قەدىمقى كۈسەن تېررىتورىيىسىنى ئاساس قىلغان كۇچا رايونىدا ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كېلىنگەچكە، كۇچا شېۋىسى سۆزلۈكلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئاتا سۆزى تىپىك ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. تۈركچە تىلىدىكى «ئېتىمولوجى تۈركچە» ناملىق تور بەتتىمۇ بۇ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تور بەتتە: «ئاتا دادىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇيغۇرچە، مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە» دەپ يازىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدىمۇ ئاتا سۆزى ھەققىدە ئۇچۇر قالدۇرغان. «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى ‹ا ـ ئەلىف›نى ‹ھ› غا ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن تۈركلەر «ئاتا»نى ئاتا دېسە، ئۇلار «ھاتا» دەيدۇ، تۈركلەر «ئانا»نى ئانا دېسە، ئۇلار «ھانا» دەيدۇ.[1] تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا ئاتا سۆزى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئاتا سۆزى ئەسلىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ياشاۋاتقان تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ شېۋىسى بولۇشىدا شەك يوق.

ئاتا سۆزى كۇچا شېۋىسىدە ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان ئادەمنى كۆرسەتكەندىن سىرت، قانداشلىق مۇناسىۋەت، ھۆرمەت، ئاتاق مەنىلىرىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاتاملا. بۇ سۆز ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بۆلەك «ئاتا»، ئىككىنچى بۆلەك «م»، ئۈچۈنچى بۆلەك «لا». بىرىنچى بۆلەكتىكى ئاتا ئەسلىدىكى ئاتا مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچى بۆلەكتىكى «م» تاۋۇشى يەنى ھەرىپى تەۋەلىك

[1] مەھمۇد قەشقەريي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1981 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم 44 ـ بەت.

ۋە ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئۈچۈنچى بۆلەكتىكى «لا» كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا سىڭىل قوۋۇم ـ قېرىنداشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.[1] كۇچا شىۋىسىدە ھۆرمەت سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئاتاش ئادەتلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە كۇچا شىۋىسىدە چوڭلار كىچىكلەرنى ئاتاشتا ۋە تەڭ دېمەتلىكلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئاتاشتا «م» تاۋۇشىنى قوشۇپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، قارشى تەرەپكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: قۇربانجاننى قۇربىنىم، ئابدۇشۈكۈرنى ئابدۇشۈكۈرۈم، ساۋۇتنى ساۋۇتۇم، دېگەندەك. ئەمما بۇ قائىدە ئاخىرى «م» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا ئىشلىمەيدۇ. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم، ئابلەم دېگەندەك. شۇڭا كۇچادا ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى ۋە ياشقا چوڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بىۋاستە ئاتا دەپ ئاتىماستىن ئاتا سۆزىگە «م» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ئاتاش ناھايىتى ئومۇملاشقان.

كۇچالىقلاردا ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى ئۇلۇغلاش بىر قەدەر كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، قەبرىلەردىكى بۇ خىل شەخسلەرگە «ئاتام» سۆزىنى قوشۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىش ۋە ئۇلۇغلاش خاھىشى كۈچلۈك بولغان. بۇنى تۆۋەندىكى قەبرە ـ مازارلارنىڭ ئىسمىدىن تولۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: قىلىچ ئاتام مازىرى، ئوقچى ئاتام مازىرى، قۇربان ئاتام مازىرى، ئاق بۇرۇت ئاتام مازىرى، قارا ساقال ئاتام مازىرى، سۆگەل ئاتام مازىرى، مىڭتەن ئاتام مازىرى، جانباز ئاتام مازىرى، سۇلتان سىيىت قارا ساقال ئاتام مازىرى، بەلىخ ئاتام مازىرى. بۇ يەردىكى «ئاتام» ئۇلانمىسى نۇقۇل ھالدىكى بىر ئاتاقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئاشۇ مازارلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭدىكى شەخسلەرگە ئىخلاس بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش خاھىشىنى ئىپادىلىگەن.[2]

«ئاتا» سۆزى گەرچە پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولغان، ئەمما كۇچا رايونىدا شىۋە سۆپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمىي سۆزلىرىمىزنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما ھازىر پەيدىنپەي ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئىستېمالدىن قېلىش ئەھۋالىدا تۇرماقتا. 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاتىسىنى «ئاتا» دەپ چوڭ بولغان بىر قىسىم باللارمۇ بىردىنلا باشقا يەرلىك ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاغزىدىكى «دادا» سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، كۇچانىڭ ناھىيە مەركىزىدە ئاتا سۆزىنىڭ ئورنىنى «دادا» سۆزى ئىگىلەشكە باشلىدى. ھازىر ئاتا سۆزىنى پەقەت كۇچانى مەركەز قىلغان قەدىمقى كۇسەن

[1] ئابدۇللا مۇھەممەت، يۇرتۇمنىڭ يەرلىك سۆزلىرى، كۇسەن مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2013 ـ يىللىق 4 ـ سان، 17 ـ بەت

[2] ئوسمان ھۇشۇر، «مىڭتەن ئاتام مازىرى» ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش، كۇسەن مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2015 ـ يىللىق، 3 ـ سان، 12 ـ بەت.

دۆلىتىنىڭ زېمىنى ھېسابلانغان شاھىيار، باي، توقسۇ قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ يېزىلىرىدا ساقلىنىپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ.

دادا ئاتالمىسىنىڭ قاچانلاردا ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ، قانداق ئومۇملاشقانلىقىغا دائىر ھېچبىر ماتېرىيال ئۇچراتمىدىم. مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا «ئاتا» سۆزى تاكى 1930-يىللارغىچە بولغان ئارلىقتا يېزىلغان بارلىق كىتاب، قول يازما ۋە ھۆججەتلەردە ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. «دادا» سۆزى شۇ يىللار تەرپىدىن قەشقەردە قۇرۇلغان باسمىخانىدا بېسىلغان «ئېلىپبە» كىتابىدا تۇنجى قېتىم ئۇچرايدۇ. ئەگەر بۇنى بىر باشلىنىش دېيىشكە توغرا كەلسە، «دادا» سۆزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنىڭدىن باشلاپ ئومۇملىشىشقا باشلىغان دىيىشكە بولىدۇ. 1949-يىللاردىن كېيىن ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان ھەر خىل نەشر بۇيۇملىرىدا پۈتۈنلەي «دادا» ئاتالمىسى ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە «ئاتا» سۆزى ئۇچرىمايدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن ئاردىن شۇنچە يىل ئۆتۈپ، «يارقىن ئەسلىمە-مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» (2013) دېگەن كىتابىدا «دادا» ئاتالمىسىنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي «ئاتا» سۆزىنى ئىشلەتكەن. بەلكىم يازغۇچى ئۆتمۈشنى سېغىنىپ، ئەسلىگە قايتىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

—— (بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ)

خۇش خەۋەر!

«تەپسىرى مۇيەسسەر» نەشردىن چىقتى



«تەپسىرى مۇيەسسەر» ناملىق شانلىق تەپسىر نەشردىن چىقتى؛ مەزكۇر تەپسىر ئالاھىدە تاللانغان يۈزلەرچە مەشھۇر تەپسىر ئۇستازى تەرىپىدىن ھازىرلانغان ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ چۈشىنىشلىك تەپسىر بولۇپ، بۇ تەپسىر «پادىشاھ فەھد قۇرئان نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى» تەرىپىدىن ئوتتۇزدىن كۆپرەك مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بارلىققا كەلمىگەن بولۇپ، بۇنى ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ روياپقا چىقاردى.

سہ ماہی تحقیقات اسلامی علی گڑھ

[illegible]